# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

# 新疆地方志



2008 3

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


تارىخىي ئەسلىمە

ئۇيغۇر سايرانىنى ئەسلەيمەن .................. ماھنۇر قاسىم 1

تارىخ سەھىپىسىدە

كۇچا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كۆرەڭگە كېلىشى .... توختى ئىبراھىم 9
ئىلى دەرياسىنىڭ تارىختىكى سۇ قاتناش ئىشلىرى ........
..................................... خەپىز ساتتار سالىھ 14

شىنجاڭدىكى كەسپلەر

سال ۋە سالچىلار ..................... ئىسرائىل تۇردى 21

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

تەجەللى مەقبەرىسىنىڭ ياسىلىشى ۋە قوغدىلىش جەريانى ...
.......................................... دىلشات ئابلىز 30
«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ بېسىلىش جەريانى ..............
............................................ پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى 34

بىلىپ قېلىڭ

لوكچۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى توي ئادىتى ۋە توي ناخشا-
مۇزىكىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى .................. ئەكرەم ھەسەن 38

تارىخىي شەخسلەر

شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى ئىلى دوتىيى تۇرداخۇنباي .........
....................................... مەسئۇد خالىت 42

سوتسىيالىستىك تەزكىرىلەردىن

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. شەخسلەر تەزكىرىسى»دىن
51 ..........................................................


**مۇقاۋىدا: پىچان قۇمتاغ باغچىسىدىكى كۆچمەن ھەيكىلى**

**سۈرەتنى پولات ھىمىت تەمىنلىگەن**


**شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى**

پەسىللىك ژۇرنال
25 - يىل نەشرى
ئومۇمىي 84 - سان
**2008 - يىللىق**
**3 - سان**

**مەسلىھەتچىلەر**
ئىمىن تۇرسۇن
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى
سابىر ئەلى

**باش مۇھەررىر**
دىلمۇرات مۇسا

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر**
ئابدۇرۇپ ئېلى
ئەخمەت روزى توغرۇل

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى**
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راملە غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجا ئەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

**مەسئۇل مۇھەررىر**
پولات ھىمىت

**ژۇرنال خەت ساندۇقى:**
tezkire@126.com

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆرەشچان ئوغلى ئۇيغۇر سايرانىنى ئەسلەيمەن

ماهنۇر قاسىم



مەن ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى بىلەن 1946-يىلى تونۇشقان. بىزنىڭ ئائىلىمىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلغان، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان ۋە 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىگە قول قويۇپ، بىتىم ئاساسىدا شىنجاڭدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى تېخى ئۆيلەنمىگەنىدى، ئۇ دائىم بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىر دەم ئۇيغۇر تىلىدا، بىردەم رۇس تىلىدا سۆزلىشىپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئۇيغۇر سايرانىنىڭ ئاپىسى زەينەپ خانىم بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپ:

— ئەخمەت ئەپەندىم، ئوغلۇمنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشقا ياردەم قىلغان بولسىڭىز، ئوغلۇم ئىنساپلىق، ئاقكۆڭۈل، ئوقۇمۇشلۇق يىگىت بولۇپ يېتىشتى، مېنىڭ كۆڭلۈمگە قاراپ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە ئېغىز ئاچمايۋاتىدۇ، مەن خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن، سىزگە كۆڭلۈمدىكى گېپىمنى قىلغىلى كەلدىم، ئاكامنىڭ قىزى سۇيۇمنى كېلىن قىلىۋالغۇم بار ئىدى، بىراق، ئاكام بۇرھانغا ئېغىز ئاچالمايۋاتىمەن، سىز



مېنىڭ بۇ كۆڭلۈمنى ئاكامغا دەپ باققان بولسىڭىز ؟— دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەخمەتجان بۇ ۋەزىپىنى قىزغىنلىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى. ئەخمەتجان زەينەپ ھەدىنىڭ پىكرىنى بۇرھان ئەپەندىمگە دېگەنىكەن، بۇرھان ئەپەندىم بۇ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ تويىنى 1947-يىلى 3-، 4-ئايلاردا قىلىشنى ئويلىشىپ كۆرۈشنى ئېيتىپتۇ.

بۇ كېلىشكەن يىگىت ئۆزىنىڭ تەمكىنلىكى بىلەن ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيتتى، ئۇنىڭ خىزمەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەش روھى ھەرقانداق ئادەمنى قايىل قىلاتتى. بىر كۈنى مەن ئەخمەتجاندىن:

— بۇ يىگىت نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇ شۇنچىلىك بىلىملىكمۇ؟— دەپ سورىدىم. ئەخمەتجان:

— بۇ يىگىت ئەسلى تۇرپان ئاستانىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن،— دەپلا قويدى. مېنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ بىلگۈم كەلدى، چۈنكى سوۋېتتە ئوقۇغان، موسكۋادا تۇرغان دېگەن سۆزلەرگە ھەيران قالغانىدىم. كېيىن ئاڭلىسام ئۇيغۇر سايرانى 1918-يىلى 9-ئاينىڭ 18-كۈنى تۇرپان ۋىلايىتىدە تۇغۇلۇپ، 1927-يىلى 9-ئايدىن 1931-يىلى 7-ئايغىچە تۇرپان ئاستانە باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە تارباغاتايدىكى مەكتەپتە، 1931-يىلى 7-ئايدىن 1934-يىلى 12-ئايغىچە ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرچە مەكتەپ ۋە رۇس گىمنازىيىسى(رۇسچە ئوتتۇرا مەكتەپ)دە، 1934-يىلى 12-ئايدىن 1938-يىلى 7-ئايغىچە موسكۋادىكى 273-تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغانىكەن.

ئۇنداقتا ئۇيغۇر سايرانى شۇ دەۋردە قانداق قىلىپ موسكۋاغا بېرىپ قالدۇ؟

20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىكى مۇقىمسىزلىق بىر قەدەر پەسىيىپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن كادىرلارغا ئېھتىياجلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ ئىلىم-مەرىپەتكە بولغان قىزغىنلىقىنىڭ ئۈرتكىسىدە بۇ مەسىلىگە جىددىي قارىمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەر يىلى 100 ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ بېرىشكە قوشۇلدى، بۇنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بىر ھەيئەت تەشكىل قىلىندى. بۇ ۋاقىتلاردا ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ۋەزىيىتى تىنچ ئەمەس، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشلىرى جىددىي ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 30-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا يەنئەندىن چېن تيەنچۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلار شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىشى ئېنىق ئىدى. ھۆكۈمەتكە خەلق ئىچىدىن 20 ~ 30 ياشقىچە بولغان ياشلار ئىچىدىن 100 ئوقۇغۇچىنى تاللاش تەسكە چۈشۈپ، شەرتكە توشىدىغان ئوقۇغۇچىلار چىقمىغاچقا، ئۇلار ياش چەكلىمىسىنى كىچىكلىتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇڭا شۇ چاغدا ئەمدىلا 16 ياشقا

www.uyghurkitap.com

كىرگەن ئۇيغۇر سايرانىنىڭ شەرتى توشۇپ موسكۋادا تۆت يىل ئوقۇپ، شۇ ۋاقىتقا نىسبەتەن يۇقىرى بىلىملىك كىشى بولۇپ يېتىشكەن.

1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇرۇش توختاتتى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرىلەر ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە ۋەكىل بولۇپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇرۇش سەۋەبىدىن غۇلجا بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا قاتناش ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى بارلار «ۋەكىللەر ئۈرۈمچىگە ماڭىدىكەن» دېگەننى ئاڭلاپ، خەت - خالتىلارنى ئېلىپ كېلىپ ئەخمەتجانغا بەردى. ۋەكىللەر 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇيغۇر سايرانى بىلەن ئۇچراشتى. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق: گومىنداڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن. غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىدىن بۇرۇن غۇلجىدا ئۇچقۇچىلار ئەترىتىدە تۇرغان سۇڭ فۇسېڭ دېگەن كىشى شۇ كۈنى نەنلياڭدىكى بۇرۇنقى رۇس كۇلۇبىدا ئېچىلغان بىر يىغىندىن چىقىپ، ئۆزىگە بۇرۇندىن تونۇش بولغان ئۇيغۇر سايرانغا خۇددى بىر مەخپىي ئىشنى دەيدىغان قىياپەتتە:

— غۇلجىدىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ۋەكىللەر كەپتۇ، بىللە بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەيلى، — دەپتۇ. ئۇيغۇر سايرانى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئىككىسى ۋەكىللەر تۇرغان جايغا كېلىپ، ئەخمەتجانلار بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلىشىپتۇ. پاراڭدىن كېيىن ئەخمەتجان ئۇيغۇر سايرانغا غۇلجىدىن ئېلىپ كەلگەن خەت - خالتىلارنى ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تاپىلاپتۇ. خەتلەر ئارىسىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئۇيغۇر سايرانغا يازغان بىر پارچە خېتىمۇ بار ئىكەن. ئۇيغۇر سايرانى ھېچقانداق ئەندىشە قىلمايلا خەت - خالتىلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر سايرانى ئىنقىلابىي كۈچلەر تەرەپتە قەتئىي تەۋرەنمەي تۇرۇپ، دۈشمەن بىلەن كۆرەش قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر سايرانى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولغاچقا مەيدانى مۇستەھكەم، ناھەقچىلىككە چىدىمايدىغان، دۈشمەنگە بولغان غەزىپى كۈچلۈك، زەربە بېرىشكە ماھىر كىشى ئىدى.

بىز ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلگەن چاغدا گەرچە ئۈرۈمچىدە ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالانغان، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئۇنىڭ پروگراممىسى ئېلان قىلىنغان، پۈتۈن شىنجاڭدا باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق، بىرلىك ۋە تىنچلىق ئورنىتىلىدۇ، بۇنى ئىجرا قىلغاندا خۇشاللىق ئىشلار بولىدۇ، دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ تەرەپ ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن دېموكراتىيىنى بوغۇش، ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇش، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە بېسىم

www.uyghurkitap.com



ئىشلىتىش ئارقىلىق خەلققە تىنچ، خاتىرجەم ياشاش پۇرسىتى بەرمىدى. بۇ چاغلاردا ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى ئىنقىلابىي كۈچلەر تەرەپتە تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن چىڭ تۇرۇپ، قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن قورقماي، «شىنجاڭ گېزىتى»دىن ئىبارەت بۇ تەشۋىقات قورالىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۈشمەنلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ مەيدانىنى نامايان قىلدى.

بىتىمدىن كېيىن بىرلەشمە ھۆكۈمەت بىتىمىنىڭ 1-ماددىسىدىكى «ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا سايلايدىغان سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ ... ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى خەلق ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ ناھىيىلىك كېڭەشنى قۇرىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، سايلام خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇشقا كىرىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال مەخسۇس سايلام نىزامنامىسى تۈزۈپ چىقىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بۇ ئىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ سايلامنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. شۇڭا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت سايلامنى يولغا قويۇش، بىتىمنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن 10 ۋىلايەتكە سايلام نازارەتچىلىك گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشنى قارار قىلىپ، بۇ گۇرۇپپىلارغا ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇللىرىنى، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى مەسئۇل قىلدى. شۇنداق مۇشكۈل ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان 10 گۇرۇپپىنىڭ بىرى بولغان قۇمۇل گۇرۇپپىسىغا ئۇيغۇر سايرانى مەسئۇل قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ گۇرۇپپىلار ئۆز جايلىرىغا بېرىپ، بۇ خىزمەتنى ئىشلەپ، خەلق ئىچىدە دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈشنى باشلىۋەتكەندە گومىنداڭ تەرەپ قۇمۇلغا يولۋاسنى، باشقا ۋىلايەتلەرگە ئۆزلىرىگە مايىل ئادەملەرنى ۋالىي قىلىپ قويۇشقا تەييارلىنىپ، دېموكراتىك سايلامنى بۇزۇشقا ئاشكارا كىرىشتى. بۇنىڭ بىلەن سايلام گۇرۇپپىلىرى ئوڭۇشسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. نەتىجىدە ئەمدىلا بارلىققا كەلگەن تىنچلىق ۋەزىيىتى بۇزۇلۇپ، ئۆلكە مىقياسىدا قالايمىقانچىلىق كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

1946-يىلى 11-ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دۆلەت قۇرۇلتىيى ئاچماقچى بولدى. شىنجاڭدىن بارىدىغان ۋەكىللەر قاتارىدا ئۇيغۇر سايرانىمۇ نامزاتلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ۋەكىللەر قۇرۇلتايغا مېڭىش ئالدىدا شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئوڭچى گۇرۇھى شىنجاڭدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەر نەنجىڭغا قۇرۇلتايغا كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ تىنچلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنىڭ بۇ رەزىل پىلانىنى بىلىپ قالدى. مۇشۇنداق ھالەتتە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش، دۈشمەن كۈچلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم پىشقان، تەجرىبىلىك، بىلىملىك كىشىلەر بولۇشى كېرەك دەپ

قاراپ، ئۇيغۇر سايرانىنى «شىنجاڭ گېزىتى»نى تەشۋىقات بازىسى قىلىپ دۈشمەن بىلەن بولغان كۈرەشتە چىڭ تۇرۇشقا تاللىدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بۇ ئىشنى ئەخمەتجان قاسىمى ۋە باشقا رەھبەرلەرنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر سايرانىنى مەقسەتلىك ھالدا ئۈرۈمچىدە قالدۇرۇپ كەتتى. بۇنى بىلگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھى ئۇيغۇر سايرانغا سۈيىقەست ئىشلەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشتى. ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۇنى بۇ ئورۇندىن بوشىتىۋېتىشكە ئۇرۇندى. لېكىن ئىنقىلابىي كۈچلەر ئۇنىڭغا بوي بەرمەي ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇيغۇر سايرانىنى قوغداپ، ئۇنىڭ ئۆز جايىدا مەھكەم تۇرۇشىغا مەدەت بەردى.

ۋەكىللەر دۆلەت قۇرۇلتىيى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، 1947 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ دۆلەت قۇرۇلتىيىنىڭ ئەھۋالىنى خەلققە يەتكۈزدى، بىتىمنى تولۇق ئىجرا قىلدى ۋە بىتىمنى بۇزىدىغانلار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلدى. بىراق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پىلانلىغان «21 - فېۋرال»، «24 - فېۋرال» ، «25 - فېۋرال» ۋەقەلىرى ۋە «5 - مارت» ۋەقەسى ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىپ ئادەم ئۆلۈش، يارىلىنىش ھادىسىسى كۆرۈلدى. دەل شۇنداق بوران - چاپقۇن ئىچىدە، يەنى 1947 - يىلى 4 - ئايدا ئۇيغۇر سايرانى بىلەن بۇرھان شەھىدىنىڭ قىزى سۈيۈمنىڭ تويى بولدى.

1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى:

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تۇيۇقسىز شىنجاڭ ئۆلكىسىگە مەسئۇت سەبىرىنى رەئىس بولىدۇ، دەپ ھۆججەت چۈشۈرۈپ، غەربىي بىنادا مەسئۇتنىڭ «تەخت»كە ئولتۇرۇش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. بۇ مۇراسىم ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى ئاققوۋۇق (نەنمىن)نىڭ سىرتىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كۇلۇبىدا چوڭ ئاممىۋى يىغىن ئېچىلدى، يىغىنغا قاتناشقان خەلق «تىنچلىق، دېموكراتىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دەپ شوئار تووۋلاپ، گومىنداڭنىڭ بۇ ئىشىغا نارازىلىق بىلدۈردى.

شۇ كۈنى كەچتە بىزنىڭ ئۆيدە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە باشقا ئىلغار كۈچلەر قاتناشقان يىغىن ئېچىلدى. بۇ يىغىندا شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىنغا قاتناشقانلار ئىچىدە ئۇيغۇر سايرانمۇ بار ئىدى، ئۇ ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى دادىل ئۈستىگە ئالدى. 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن جايلاردىن كەلگەن ھەيئەتلەر 28 - كۈنى غەربىي زالدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، رەئىس جاڭ جىجۇڭغا ئوچۇق خەت يازدى. بۇ ئوچۇق خەتنى يېزىش ۋە گېزىتتە ئېلان قىلىشتا ئۇيغۇر سايرانىنىڭ رولى چوڭ بولدى، ئۇ گېزىتخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ خەتنى ئوچۇق ئېلان قىلىشقا قارشى تۇرغۇچىلار بىلەن كۈرەش قىلىپ گېزىتتە ئېلان قىلدى. كۈرەشنىڭ

www.uyghurkitap.com

مۇشۇنداق كەسكىن بولۇشى دۈشمەننىڭ ئۇيغۇر سايرانىغا بولغان سۈيقەستلىرىنى كۈچەيتىۋەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر سايرانىنىڭ سۈيقەستكە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى غۇلجىغا قايتۇرۇپ كېتىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر سايرانى 1947-يىلى 7-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بىر تۈركۈم ئىنقىلابىي ئىلغار كۈچلەر بىلەن غۇلجىغا كەتتى.

ئۇ غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن 1947-يىلى 8-ئايدىن 1950-يىلى 1-ئايغىچە «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە باش مۇھەررىرى، 1948-يىلى 8-ئايدا شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئىتتىپاق قارمىقىدىكى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىدى.

ئۇيغۇر سايرانىنىڭ غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن قىلغان ئىشلىرىدىن بىلىدىغانلىرىم تۆۋەندىكىچە:

1947-يىلى 12-ئاينىڭ 9-كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجانغا 2-قېتىم خەت يازدى. بۇنداق خەت-ئالاقىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىدىكى ئابدۇرېشىت ئىمىنوف بىلەن ئۇيغۇر سايرانىنىڭ قولىدىن كېلەتتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر سايرانى ئاساسىي كۈچلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئەخمەتجان ئاغرىپ ياتقان چاغلىرىدىمۇ ئۇيغۇر سايرانىنى چاقىرىپ كېلىپ تەشۋىقات سىستېمىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇيغۇر سايرانى يوشۇرۇن ھالدا ئورۇمچىدىكى نۇسرەت شەھىدى بىلەن ئالاقە باغلاپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» ھەققىدىكى كىچىك بىر كىتابچىسىنى ئالدۇرۇپ تەرجىمە قىلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۆگىنىش ماتېرىيالى قىلغانىدى. كېيىن يەنە ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئەمەلىيەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنى ئالدۇرۇپ ئۇنى ئەخمەتجانغا ئەكىلىپ بەرگەن ئەھۋالنى ئەخمەتجان خاتىرىسىگە يېزىپ قويغانىدى.

بىتىم بۇزۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى قانداق قوغداپ قېلىش مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان ئىلغار تەشكىلات قۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەتجان تەشكىلات قۇرۇشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. بىر يىلدەك تىرىشىش ئارقىلىق، 1948-يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنى غۇلجىدا شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلدى. كېڭىشىش ئارقىلىق، بۇ تەشكىلاتنىڭ مەركىزىي كومىتېتىغا 35 ئەزا، بەش كاندىدات ئەزا، 11 تەشكىلىي ھەيئەت سايلاندى. بۇ تەشكىلاتنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئەخمەتجان قاسىمى ئۈستىگە ئالدى. 11 تەشكىلىي ھەيئەتنىڭ بىرى ئۇيغۇر سايرانى ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر سايرانى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى كىشىلەرنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ،

ۋەزىيىتى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، ئۇ بەزىدە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەيتتى.

شۇ چاغدا ئىتتىپاقنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان «ئالغا» گېزىتىدە مۇنداق خەۋەر بېرىلگەن:

«شۇ يىلى 26 ـ سېنتەبىر كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلات ھەيئىتىنىڭ قارارى بويىچە مەركىزىي تەشكىلات ھەيئەت ئەزاسى ئۇيغۇر ئەپەندى(سايرانى) مەركىزىي موڭغۇل جەمئىيىتىدە ئىتتىپاقنىڭ يەرلىك تەشكىلاتىنى قۇرۇش ئۈچۈن مەجلىس ئۆتكۈزدى. مەجلىسكە موڭغۇل جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە موڭغۇل مۆتىۋەرلىرى بولۇپ 15 كە يېقىن كىشى قاتناشتى. مەجلىس موڭغۇل جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى لورۇف لامانىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئەپەندى ئىتتىپاق ھەققىدە چۈشەنچە بەردى. ئاندىن كېيىن مەجلىس قاتناشچىلىرى تەرىپىدىن ئىتتىپاققا ئەزا بولۇش ئۈچۈن قىزغىن پىكىرلەر بېرىلدى. لورۇف لاما جانابلىرى باشلىق مەجلىس قاتناشچىلىرى ئانكىت تولدۇرۇشتى.»

ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى1949 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 3 ـ قېتىملىق ئەزالار يىغىنى ئېچىپ 1949 ـ يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئەخمەتجان قاسىمى توققۇزتاراغا، ئۇيغۇر سايرانى ئىلىغا، باشقا توققۇز ئەزا توققۇز ناھىيىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇيغۇر سايرانى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كۆرسىتىلگەن جايغا يېتىپ بېرىپ ئۆز خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. جۇملىدىن يۇرتىمىز شىنجاڭمۇ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. شىنجاڭدا يېڭى ھاكىمىيەتنى قانداق مۇستەھكەملەش، فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرەشنى قانداق داۋاملاشتۇرۇش، يەر ئىسلاھاتىنى قانداق يولغا قويۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئەينى ۋاقىتتا جىددىي تۈتىمىسا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلىلەر ئىدى. بۇ ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلارنى ۋاقتىدا تولۇقلاشقا توغرا كەلدى. 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى «پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدا پارتىيە تەشكىلى بولمىسىمۇ پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا يېقىندىن ھەمكارلاشقان، كوممۇنىستىك پارتىيىگە بولغان تونۇشى خېلى ياخشى دەپ قارالغان زىيالىيلار، خەلق ئىچىدىن چىققان ئەربابلار ۋە 1947 ـ يىلى بىتىم بۇزۇلۇپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن غۇلجىغا قايتىپ كەتكەن كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىلغار پىكىرلىك زاتلارنى تاللاپ مۇھىم خىزمەتلەرگە تەيىنلىدى، بەزىلىرىنى ۋىلايەت ـ ناھىيىلەرگە ۋالىي، ھاكىملىققا ئۆستۈردى. ئىپادىسى ئالاھىدە ياخشىلىرىنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە

www.uyghurkitap.com

قوبۇل قىلىندى. شۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇر سايرانى 15 كىشى تەركىبىدە 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇنجى تۈركۈمدە پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. ئۇ 1950 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1952 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئىلمىزنىڭ ئالمۇتىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا مۇئاۋىن كونسۇل بولۇپ تۇردى.

ئۇيغۇر سايرانى بىلىملىك، بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان، كەمتەر ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالمۇتىدىكى ئىككى يىللىق كونسۇللۇق ۋەزىپىسى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، 1952 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1953 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئالمۇتا شەھىرىدە ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىنستىتۇتىدا، 1953 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1956 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە قازاقىستان دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇدى. 1956 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1959 ـ يىلىغىچە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى. شۇ ۋاقىتتا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتى تەشكىللىگەن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئىلمىي، ئەمەلىي تەكشۈرۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. 1969 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1978 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۈرمىدە ياتتى. 1981 ~ 1990 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى، 1990 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پېنسىيىگە چىقتى. 2007 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۇيغۇر سايرانىنىڭ ۋاپاتى بىزنى بىر بىلىملىك، ئىلمىي كىشىمىزدىن ئايرىدى. ئەلۋىدا، ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى!

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

---

***شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى***

بۇ تەشكىلات 1948 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى غۇلجىدا قۇرۇلغان، قىسقارتىلىپ «ئىتتىپاق» دېيىلىدۇ. ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىغا 35 ئەزا، بەش كاندىدات ئەزا، 11 تەشكىلىي ھەيئەت سايلانغان. مەركىزىي كومىتېت رەئىسلىكىنى ئەخمەتجان قاسىمى ئۈستىگە ئالغان. بۇ تەشكىلات ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى ئىلغار ئاممىۋى تەشكىلات ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ جايلاردا 318 شۆبىسى، 50 نەچچە مىڭ ئەزاسى بولغان. ئىتتىپاق ئۆرگىنى تەرىپىدىن «ئالغا» گېزىتى بىلەن «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى چىقىرىلغان، يەنە چۆچەكتە «خەلق ئاۋازى» گېزىتى، ئالتايدا «ھەقىقەت» گېزىتى چىقىرىلغان. 1950 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىتتىپاقنىڭ ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان 1 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا ئۇنىڭ نامى شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بىرلىك سەپ تەشكىلاتىغا ئايلانغان، سەيپىدىن ئەزىزى رەئىسلىكىنى ئۆتىگەن. بۇ تەشكىلات 1954 ـ يىلى تارقىتىۋېتىلگەن.

— ماتېرىيالدىن

# كۇچا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كورەگە كېلىشى

توختى ئىبراھىم

1930 ـ يىلى كۇچا خەلق سەنئەت ئۆمىكى ئۇشتۇمتۇت كورە چېگرا ھەربىي رايونىدا پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ ئۆمەكنى كورەنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇرۇپ، جاڭ شەنسىڭنىڭ ھەشەمەتلىك سارىيىغا چۈشۈرۈپ، بىرقانچە كۈن پۇقرالاردىن يوشۇرۇن تۇتتى. مەن شۇ چاغدا ھېرىپ ـ چارچاشنى بىلمەيدىغان، ئويۇن دېسە ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ قالىدىغان بالا ئىدىم. ئېگىز تام، دەرۋازا، ئۆگزىلەرگە، ئاسمان پەلەك ئۆسكەن دەرەخلەرگە چىقىش مەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ئات، كالا، ئېشەك، تۆگە، قېچىر ھەتتا تېكە، قوچقارلارنىمۇ مىنىپ چاپتۇرالايتتىم. ھېلىقى سارايىنىڭ ئىچىدىن ئاجايىپ شوخ، مۇڭلۇق، ناخشا ـ سازلارنىڭ ئاۋازى سىرتقا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نۇرغۇن بالىلار ۋە چوڭلار سارايىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، قولاقلىرىنى تامغا يېقىپ، دەرۋازىنىڭ يوچۇقلىرىدىن مارىلاپ، قاراڭغۇ چۈشكىچە سارايدىن چىققان نەغمە ـ ناۋانى ئاڭلايتتى. ئىشىك باقار قاراۋۇللار يىغىلىۋالغانلارنى تولا قوغلاپ چارچىغىنىدىن قاراتەرگە چۆمۈپ كېتەتتى.

بىر كۈنى باراقسان شاخلىرى ئېگىز ئۆگزىلەرنى يېپىپ تۇرغان سۆگەتلەرگە يامىشىپ چىقىپ، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ھويلا ـ ئارامدىكى تەييارلىق ئويۇنلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىدۇق. ئەر ـ ئايال، ئوغۇل ـ قىزلاردىن تەركىب تاپقان بۇ ئۆمەكتە 30 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. بۇلار ئارىسىدا 12 ـ 13 ياشلىق ئوغۇل ـ قىزلار، ساقىللىق ئاقىرىشقا باشلىغان قېرىلارمۇ بار ئىدى. كەيگەن كىيىملىرى خۇددى كونا پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئوردا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ قىياپىتىنى ئەسلىتەتتى. سارايى ھويلىسىغا چىرايلىق، سىپتا گىلەملەر سېلىنغانىدى، ئۆمەكتىكىلەر جاڭجۈننىڭ ھوزۇرىدا قويۇلىدىغان ئويۇنلارنى مەشىق قىلىدىكەن. بىز ئەنە شۇ تەييارلىق ئويۇنلىرىنى ئۆگزىنىڭ لەمپىسىگە چاپلىشىپ يېتىپ تۇرۇپ كۆرەتتۇق.

1926 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى كورە ھەربىي رايونىغا مىللىتارىست جاڭ پېيۈەن جاڭجۈن يېتىپ كەلدى. پۈتۈن كورە، سۇيدۇڭ خەلقى ۋە بارلىق ئەمەلدارلار تەلكە ئېغىزىغىچە بېرىپ، بىرقانچە ئورۇنغا نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغان سورۇنلارنى راسلاپ ئۇنى قارشى ئالدى.



www.uyghurkitap.com

ئۇ پاكار، دوغىلاق كەلگەن، سالپاڭ قۇلاق ئادەم ئىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر گاز ماركىلىق ئاپتوموبىل، بىرقانچە قىزىل سىرلانغان ئاپتوبۇس ۋە بىرقانچە ھەشەمەتلىك پەيتونلارنى ئەكەلدۈردى. ئىككى دۆلەتنىڭ مال ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىغا كەڭ يول قويدى. ئىلىدا ئۆكسۈپ قالغان چاي، قەنت، كىرسىن، ھەر خىل رەخت ۋە خەلق ئېھتىياجلىق بۇيۇملار خۇددى كەلكۈندەك ئىلىغا ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. سوۋېت تەرەپ بىزدىن مال ـ چارۋا، يۇڭ، ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالاتتى. ئەينى چاغدىكى سودا ئىشلىرىنىڭ تۈۋرۈكى مۇسابايوفنىڭ چوڭ ئوغلى ساۋۇت ئەپەندى قاتارلىقلار ئىدى. ئۇ كورە جاڭجۈننىڭ يېنىغا كۆپ باردىغان بولۇپ قالدى. ساۋۇت ئەپەندى ياۋروپاچە كىيىنگەن، ئېگىز بويلۇق، كۆلرەڭ چاچلىق، خۇشخۇي ئادەم ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككىسى قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كېپىللىكىدە بۇ جاڭجۈن كورە خەلقىگە ئىشىنىدىغان بولغاندىن كېيىن، كەڭ قورساق سىياسەت قوللاندى. خەلق ئۈستىدىكى بىر قانچە ئېغىر سېلىقنى ئېلىۋەتتى، پۇقرالارنى جازالايدىغان ئىشلار كۆرۈلمەيدىغان بولۇپ قالدى. چېرىكلەرنىڭ ھەممىشە پۇقرالارنى، ئوقەتچىلەرنى تاسما بىلەن بىھۇدە ساۋايدىغان قىلىقلىرى يوقاپ كەتتى. كورەدىكى ئىبراھىم باينى شاڭزۇڭلۇققا تەيىنلەپ، كورە ھەربىي رايون ئارقاسەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باش ئەمەلدارلىقىغا ئۆستۈردى. ساۋۇت ئەپەندى ۋە ئىبراھىم شاڭزۇڭ قاتارلىقلار جاڭجۈننىڭ يېنىغا بىۋاستە كىرىپ چىقالايتتى. جاڭجۈننىڭ مەخسۇس ماشىنىسىنى تۇرسۇن دېگەن سوۋېتلىك ئۇيغۇر شوپۇر ھەيدەيتتى. جاڭ سىلىڭ سەيلە ـ ساياھەتكە چىققاندا قارا تۈلپار ئاتلىق 40 مۇھاپىزەتچىسى گاز ماركىلىق ئاپتوموبىلنىڭ ئىككى تەرىپى ۋە كەينىدىن چېپىشىپ، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭاتتى.

سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەلگىنىگە بىر ھەپتە بولاي دەپ قالدى. بىر كۈنى ئەتىگەن ئاشپىشىم ۋاقتىدا ئىبراھىم شاڭزۇڭنىڭ تۇغمەنبېشىدىكى بوستانلىقىدا كۇچا سەنئەت ئۆمىكى ئويۇن قويىدىكەن، جاڭ سەركەردە(دۇدۇ) باشلىق كاتتا ئەمەلدارلار چىقىپ بۇ ئويۇننى كۆرىدىكەن، دېگەن گەپ ـ سۆزلەر تارقىلىپ يۈردى. مەھەللىلەردىن تۇغمەنبېشىغا ئادەملەر سەلدەك ئېقىپ كېتىپ باراتتى. بوستانلىقنىڭ شەرق تەرىپىنى كورەنىڭ شىمالىدىكى يانبۇلاقتىن باشلانغان، ئايىغى ئىلى دەرياسىغا تۇتىشىدىغان چوڭقۇر يار ئايرىپ تۇراتتى. يارنىڭ تېگىدە ساربۇلاقتىن ئېقىپ كەلگەن سۇ دولقۇنلاپ ئېقىپ ئۆتەتتى. بوستانلىقتىكى ھەيۋەتلىك، بوك ـ باراقسان سەھنىگە رەت ـ رەت ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلار قويۇلۇپ، ھەر خىل نازۇنېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇلغانىدى. بۇ سورۇننىڭ ئالدىغا ئېسىل گىلەملەر سېلىنىپ، ئويۇن قويۇش سەھنىسى ياسالغانىدى. جاڭ سىلىڭ ئولتۇرىدىغان زىياپەت سورۇنى بىلەن ئويۇن قويۇش سەھنىسىنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق ئىدى. ھېلىقى يارنىڭ شەرقىي قىرغىقى ياشلار ۋە باللار بىلەن تولغانىدى. باللار يار بويىدىكى قويۇق دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغانىدى. بوستانلىقنىڭ غەرب تەرىپى كۈتكۈچى، ئاشپەز ۋە مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن لىق تولغانىدى.

«ئۈزۈمەك كەلدى!» دېگەن ئاۋازلار تۈگمەنبېشىنى بىر ئالدى. بىرقانچە هارۋىغا ئولتۇرغان ئۆمەك خادىملىرى تۈگمەنبېشىغا كەلگەندە ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. ئۆمەكنىڭ ئالدىدا كىچىك پەيتونغا يالغۇز ئولتۇرۇپ كەلگىنى ئۆمەكنىڭ يېشىۋاسى مۇھەممەت ئىمىن ساتار ئىدى. 60 ياشتىن هالقىغان بۇ مەشھۇر خەلق ھاپىزى ئۆزى چېلىپ مۇقام ئېيتىدىغان، ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان 150 يىللىق تارىخقا ئىگە تەۋەررۇك سازنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇلار هارۋىدىن چۈشۈپ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن بوستانلىقتىكىلەرگە سالام بېرىپ، سەپ بولۇپ سەھنىدىن ئورۇن ئالدى. ئۆمەك باشلىقى تۇردى ئاخۇن ئۇياق - بۇياقلارغا مېڭىپ يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئۆمەكتىكى 30 نەچچە ئادەم رەڭگارەڭ قەدىمىي ئۇيغۇر كىيىملىرىنى كىيىپ، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك تۈسكە كىرگەنىدى. بولۇپمۇ ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ كىيىملىرى ئاجايىپ چىرايلىق ۋە نەپىس ئىدى. سازەندىلەرنىڭ ئالدىدا ۋە قوللىرىدا دۇتار، تەمبۇر، ساتار، راۋاب، خۇشتار، غىجەك، قالۇن، نەي، سۇناي، داپ، ساپايى، چاقماق، بالمان قاتارلىق سازلار بار ئىدى. شاگىرتلىرىنىڭ ئېلىتىپاتى بىلەن كۆرە سۇيىدۇڭدىكى ئەينى چاغدىكى مەشھۇر سازەندە ۋە قىزىقچىلاردىن بارات تەمبۇر، سەلەي قىزىقچى، ساۋۇت ساتىراچ(ساتارچى)، توختاخۇن نەي، ئابدۇراخمان چاڭ قاتارلىق نۇرغۇن خەلق ھاپىزلىرى ئۆمەكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بارات تەمبۇر ھەممە سازنى چالالايدىغان ئاجايىپ تالانتلىق، ھەييار ۋە داڭلىق ئۇسسۇلچى، ھەرقانداق سازنى ئۆزى ياسىيالايدىغان تالانتلىق ئۇستا ئىدى. ئۇ

ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا 1939 - يىللىرى ئىسكىرىپكا ۋە ماندالىنلارنىمۇ قاملاشتۇرۇپ ياساپ چېلىپ داڭ چىقارغانىدى.

مانا بۇ تارىخىي ئەھمىيەتلىك قارشى ئېلىش بەزمىسىگە رىياسەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن ھەربىي كىيىم كىيىپ، يېنىغا تاپانچا ئېسىۋالغان ئىبراھىم شاڭزۇڭ ئەتىگەندىلا پەيدا بولدى. كۆرە دۇدۇ يامۇلىدا شىبە مۇزىكانتلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان جاڭجۇن ئىختىيارىدىكى 60 كىشىلىك دۇخۇۋۇي ئوركېستىرى بار ئىدى. بۇلار ئەينى چاغدا شىبە خەلقىنىڭ سەركەردىسى چاڭباخشىنىڭ تۇرتكىسىدە شىبە ياشلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىپ تەربىيىلەپ كەلگەنىدى. بۇلارنىڭ كېيىنكىشلىرى پۈتۈنلەي چار پادىشاھنىڭ دۇخۇۋوي ئوركېستىر ئۈمىكىنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن كۆرە ھەربىي رايون قوماندانلىق شتابى غۇلجىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، بۇ ئۆمەكمۇ غۇلجىغا يۆتكەپ كېتىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىنمۇ بۇ دۇخۇۋوي ئوركېستىر مىللىي ئارمىيە تەركىبىدە ئۆزىنىڭ سەنئەت پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ بىر مەزگىل ئىلى ھەربىي رايون ئىختىيارلىقىدا ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇردى.

شاڭزۇڭ چىقىپ بىر ئاشپىشىم ئۆتمەيلا دۇخۇۋوي ئوركېستىرى دۇدۇ يامۇلىدىن قوزغىلىپ تۈگمەنبېشىغا يېتىپ كەلدى. جاڭ سىلىك كېلىۋاتىدۇ دېگەن سادا ياڭراشقا باشلىدى. گەيشەڭدىن تۈگمەنبېشىغىچە توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. تۇرسۇن ھەيدىگەن گاز ماركىلىق ئاپتوموبىلغا جاڭ سىلىڭ، ساۋۇت ئەپەندى ۋە ئىككى مۇھاپىزەتچى ئولتۇرغانىدى. ۋاسىلى

ھەيدىگەن قىزىل ئاپتوبۇستا ھەربىي رايون ئەمەلدارلىرى، غۇلجىدىن كەلگەن مېھمانلار ئولتۇرغانىدى. ئىككى گرۇزوۋاي ئاپتوموبىلدا جاڭجۇننىڭ 40 تىن ئارتۇق مەخسۇس مۇھاپىزەتچىسى ئولتۇرغانىدى. دۇخۇۋوي ئوركېستىرى مۇزىكىلىرىنى چېلىپ ئۇلارنى قارشى ئالدى. شاڭزۇڭ جاڭجۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ تازىم قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى، شۇنىڭ بىلەن جاڭجۇن ۋە باشقا ئەمەلدارلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ كۈچا سەنئەت ئۆمىكىگە قاراپ چاۋاك چېلىشتى. ئۆمەكتىكى تۇردى ئاخۇن، مۇھەممەت ئىمىن باشلىق ئەزالار ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ تازىم قىلىپ سالام بەردى.

قارشى ئېلىش بەزمىسىگە چىققان ئەزالار ئىچىدە يەرلىك ئاقساقاللاردىن چاڭباخشى، جايىقباي، نەسرۇللا باي، ياقۇپ باي ھاجىم، گېنېرال بېكتېيوۋ، ھەسەنەم پالتىبايوۋ، ئوسمانباي، ياڭ شەنسىڭ، سۇيدۇڭلۇك يوغانباش(ۋاڭ شەنسىڭ) قاتارلىق بىر قانچە نوپۇزلۇق زات بار ئىدى. يەرلىك بايلاردىن مۇھەممەت ئىمىن، خۇدابەردىباي، ئابدۇللا شەيخى زامان، ھوشۇر مۇھەممەت شاياخۇنباي، ئابدۇللا شەيخى زامان قاتارلىقلار بار ئىدى.

ئۆمەك باشلىقى تۇردى ئاخۇن جاڭجۇنگە ئۈچ تازىم قىلغاندىن كېيىن ئويۇننى باشلاشقا ئىجازەت ئالدى. ئالدى بىلەن مۇھەممەت ئاخۇن ئاكا ساتارنى مۇڭلۇق ياڭرىتىپ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ چەببىيات مۇقامىنى باشلىۋەتتى. زىياپەت سورۇنى جىمجىتلىققا چۆمدى، بىرمۇنچە بوۋاي باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى. قالغان سازەندىلەر مۇقامچىنىڭ كاماندىسىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. مۇھەممەت ئىمىن ئاكىنىڭ بىر باش شەرتى بىلەن مۇقام مەرغۇللىرى باشلىنىپ كەتتى. ئاجايىپ تەڭكەش قىلىنغان مەرغۇل ئاۋازى تۇگمەنبېشى بوستانلىقىنى بىر ئالدى. جاڭجۇننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ساۋۇت ئەپەندى ئاربلاپ جاڭجۇنگە بىر نېمىلەرنى دەپ چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. مۇقام مەرغۇللىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ناخشا ـ ئۇسسۇل نەغمىلىرى مەيداننى بىر ئالدى. قىزلارنىڭ جۆر بولۇپ ئېيتقان ناخشىلىرى زىلۋا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مۇقامنىڭ ئۇسسۇل پەدىسى باشلانغاندىن كېيىن، بەقەسەم تون، چىمەن دوپپا، قىزىل ئۆتۈك كىيگەن، بېلىنى يېشىل شايى رومال بىلەن باغلىۋالغان بىر يىگىت لەرزان، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ يالغۇز كىشىلىك سەنەم ئۇسسۇلى ئويناشقا باشلىدى. ئاندىن كېيىن كوللېكتىپ نەغمە ئۇسسۇل، نازىركوم، كۈچا ئۇسسۇلى، دولان ئۇسسۇلى قاتارلىقلار ئوينالدى. يالغۇز كىشىلىك سەنەم ئۇسسۇلى باشلانغاندا سەھنە ئۆرۈملەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ئىبراھىم شاڭزۇڭ قىزىل تاۋار ياغلىق چېگىلگەن چىرايلىق تاينى، ئىككى چوڭ قوچقارنى ئۆرۈمە قىلىپ، سەھنىنى ئايلاندۇرۇپ بولۇپ، بوستانلىققا باغلاپ قويدى. ئالاھەزەل ئۆرۈمە قىلىنغان 30 دىن ئارتۇق قوي، سەككىز ئات بوستانلىققا باغلىنىپ بولدى. ساۋۇت ئەپەندى ئۆمەكنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئالتە توپ ھەر خىل گۈللۈك ئېسىل رەختنى ئۆرۈمە قىلدى. ئۆمەك باشلىقى بۇ ئۆرۈملەرنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش جەريانىدا قاراتەرگە چۆمۈپ كەتتى. چۈشلۈك زىياپەتتىن كېيىن بارات تەمبۇر ئۆزىنىڭ كارامەت ئويۇنلىرىنى باشلىۋەتتى. ھەييارلىق، دورامچىلىق(ھەر خىل جانىۋارلارنى دوراش)، يەر بېغىرلاش ئۇسسۇلى، دۈككە ـ دىڭكاڭ

ئۇسسۇلى قاتارلىق ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىپ، سورۇننى كۈلكىگە چۆمدۈرۈۋەتتى، ھەتتا تولا كۈلۈپ قورساقلىرىنى مۇجىۋالغان ئەمەلدارلارمۇ خېلى كۆرۈلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئۆمەكنىڭ ئەل نەغمىلىرى تۆت سائەتتىن ئارتۇق داۋاملىشىپ تاماملاندى. ئاخىرىدا جاڭجۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆمەك باشلىقى تۇردى ئاخۇننى ئالدىغا چاقىرىپ بىر قىزىل باغاقنى ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا بەردى. كېيىن بىلىشىمىزچە قىزىل قەغەزدىكىسى جاڭجۈننىڭ ئۆمەككە ئاتىغان سوۋغىتىنىڭ تىزىملىكى ئىكەن. جاڭجۈن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ دەرەخكە ئىلىقلىق ھەربىي شەپكىسىنى ئالماقچى بولغاندا، شەپكە قولىدىن چىقىپ كېتىپ ئېرىقتىكى سۇغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ دەرھال باشقا شەپكە كىيىۋېلىپ ئالقىش سادالىرى ئىچىدە دۇدۇ يامۇلىغا قايتتى.

جاڭجۈننىڭ ئايالى بەي خېنىم ئوتتۇرا ياش، بۇغداي ئۆڭ، كېلىشكەن ئايال بولۇپ، كۈچادىكى بىر تيەنجىنلىك سودىگەرنىڭ يالغۇز قىزى ئىكەن، ئۇ كۈچادىكى چېغىدا كۈچا قىزلىرى بىلەن دوستلىشىپ، ھەر خىل باغ سەيلىسى، بەزمە، قىز ئولتۇرۇشلىرىدا ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن بىللە بولغانىكەن. ئۇيغۇرچىنى كۈچا شىۋىسىدە راۋان سۆزلىيەلەيدىكەن، ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينىيالايدىكەن، ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتالايدىكەن، چىمەن دوپپا، ئەتلەس كۆينەكلەرنى كىيىپ يۈرىدىغان چاغلىرى كۆپ ئىكەن. قۇلىقىنى تەشتۈرۈپ ياقۇت كۆزلۈك زىرە سالغانىكەن، ئۇيغۇر تائاملىرىنى ياخشى كۆرىدىكەن. بەي خېنىمنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ سەنئەت ئۆمىكى دۇدۇ يامۇلىغا بېرىپ بارلىق ئەمەلدارلارنىڭ ئاياللىرىغا ئۈچ قېتىم ئويۇن قويۇپ بېرىپتۇ. ساۋۇت ئەپەندى، ئىبراھىم شاڭزۇڭ، تۇرسۇن شوپۇرنىڭ ئاياللىرىمۇ شۇ سورۇندا بىللە بوپتۇ. بەي خېنىم سەنئەتچىلەرگە جۆر بولۇپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، كۈچادا ئۆتكەن ۋاقىتلىرىنى ئەسلەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

كۈچا سەنئەت ئۆمىكى كۈرەدە بىر ئايدەك ئويۇن قويغاندىن كېيىن چىرايلىق ئۇزۇتۇپ قويۇلدى. بۇ ئۆمەكنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسىدە كۈرە، سۈيدۈڭلەرنىڭ خەلق سەنئەت پائالىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. 1934 ـ يىلى سۈيدۈڭدە ئابدۇراخمان چاڭ، ساۋۇت ساتىراچ، توختاخۇن نەي، ئابلەت داپ، قاسىم دۇتارلاردىن تەركىب تاپقان سازەندىلەر گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ سانائى نەفىسە ئۆمىكى ۋۇجۇتقا كەلدى. سۈيدۈڭ سەنئەتكارلىرىنىڭ پېشىۋاسى باۋۇدۇن ئاكا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تالانتىنى نامايان قىلىپ، سۈيدۈڭدە مىسلى كۆرۈلمىگەن سەنئەت مەدەنىيەت دولقۇنىنى بارلىققا كەلتۈردى. كۈرەدىكى بارات تەمبۇر ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، كۈچا سەنئەت ئۆمىكى ئىشلەتكەن ھەممە سازنى ياساپ، سازەندىلەرنى تەمىنلىدى. كۈرەگە كەلگەن كۈچا سەنئەت ئۆمىكى كۈرەدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ، مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە سەنئەت ئۇرۇقىنى چاچتى.

تەھرىرلىگۈچى: پولات ھېمىت

www.uyghurkitap.com

# ئىلى دەرياسىنىڭ تارىختىكى سۇ قاتناش ئىشلىرى

خەپىز ساتتار سالىھ

(ئىلى ئوبلاستلىق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن)

ئىلى دەرياسى — شىنجاڭدىكى دۆلەت ھالقىغان چوڭ دەريا. بۇ دەريا تەڭرىتاغنىڭ قازاقىستان تەۋەسىدىكى غەربىي قىسىم ئېگىز چوققىلىرىدىن باشلىنىپ، ئاۋۋال شەرق تەرەپكە، ئاندىن شىمال تەرەپكە، ئاخىردا غەرب تەرەپكە ئېقىپ، موڭغۇلكۈرە، تېكەس، توققۇزتارا، كۈنەس، نىلقا، غۇلجا، چاپچال، قورغاس ناھىيىلىرى ۋە غۇلجا شەھىرى تەۋەسىدىن ئۆتۈپ، قازاقىستان تەۋەسىدىكى بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ئىلى دەرياسى تېكەس دەرياسى، كۈنەس دەرياسى، قاش دەرياسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دەريا ۋە 50 نەچچە ئېقىندىن تەركىب تاپقان. تېكەس دەرياسى كۈنەس دەرياسى بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن ئىلى دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. قاش دەرياسى ياماتۇدا ئىلى دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. ئىلى دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1500 كىلومېتىر، جۇڭگو-قازاقىستان چېگرىسىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 212 كىلومېتىر، قارا تۇمشۇقتىن دۆلەت چېگرىسىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 194 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئىلىدا ئىنسانلار پائالىيىتى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە باشلانغان. ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى يېقىدا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەر قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىدا قۇرۇقلۇق يولىدىن پايدىلانغاندىن سىرت، سۇ يولىدىنمۇ پايدىلانغان. ئۇلار قىش كۈنلىرى دەرياغا مۇز تۇتقاندا مۇز ئۈستىدىن ئۆتۈپ قاتناپ تۇرغان؛ ياز كۈنلىرى تاشقىندىن كېيىن سۇ ئازايغاندا دەريانىڭ ئەپلىك جايىنى تېپىپ ئات-كالا، تۆگە ئارقىلىق دەريادىن ئۆتكەن؛ چوڭ كۆچۈش، ھەربىي يۈرۈشلەردە ئۇزۇن ياغاچلارنى باغلاپ سال ياساپ، يۈك-تاق، قېرى-چۆرى، ئۇششاق باللارنى، باللارنى دەريادىن ئۆتكۈزگەن؛ قوينى تۇلۇمچىلاپ سويۇپ، تېرىسىنى پۈۋلەپ تۇلۇم قىلىپ، تۇلۇملارنى بىرى بىرىگە چېتىپ، كېمە قىلىپ ئىشلەتكەن؛ چوڭ كۆتەكلەردىن قېيىق ياسىغان، تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا سال، تۇلۇم، قېيىق، كېمىلەرنىڭ ئورنىنى ھەر خىل كېمىلەر ئىگىلىگەن؛ كېيىنكى

چاغلاردا دەريا-ئېقىنلارغا ھەر خىل كۆۋرۈكلەر سېلىنىپ، قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىغا زور قولايلىقلار يارىتىلغان.

*1. كېچىكلەر*

قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ شەرقتىكى مىللەتلەرنىڭ ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىشى ۋە مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يەنە غەربكە كۆچۈشى، يىپەك يولىنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئېچىلغان يېڭى شىمالىي لىنىيىسىنىڭ ئىلى تەۋەسىدىن ئۆتۈشى، قاراخانىيلار سۇلالىسى لەشكەرلىرىنىڭ ئىلىدىكى تاتلار (مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار)نى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىشى، چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى، ئالمالىق شەھىرىنى پايتەخت قىلغان چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئىلىدا شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى خەلقلەر مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچىيىشى نەتىجىسىدە ئىلى دەرياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مۇقىم كېچىكلەر بارلىققا كەلگەن. بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە «ئاق تەرەك-ئاق تەرەك ياغما ئېلىدە ئىلى دەرياسىدىكى بىر كېچىك» («تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم 111-بەت) دەپ شۇ چاغدا ئىلى دەرياسىدا مەخسۇس كېچىكلەرنىڭ بولغانلىقىنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئىلىنىڭ ھەرقايسى جايلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ، قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرى راۋاجلىنىپ، ئىلى دەرياسىدىكى كېچىكلەر كۆپەيگەن.

17-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىن باشلانغان جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدە ھازىرقى غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىنى مەركەز قىلىپ، قارادۆڭدە ھەيۋەتلىك غۇلجا كۇرەسى (ئالتۇن قۇببىلىق ئىبادەتخانا) ياسالغان، ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدە جۇڭغار ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ئوردا-سارايلىرى بىنا قىلىنغان. جۇڭغارلار ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە قاينۇق كۇرەسى(كۇمۇش قۇببىلىق ئىبادەتخانا)نى بىنا قىلغان. جۇڭغارلار 1678-يىلى سەئىدىيە خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن ھەر يىلى نۇرغۇن ئالتۇن-كۇمۇش، ئاشلىق، رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى ئولپان قىلىپ ئېلىپ تۇرغان، بۇ ئولپانلار ھەر يىلى غۇلجىغا ئۇزۇلمەي توشۇلۇپ تۇرغان. غۇلجا كۇرەسى قاينۇق كۇرەسىدىكى دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ كۇچىيىشى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ كۇچلىنىشى نەتىجىسىدە ئىلى دەرياسىدىكى بۇرۇنقى كېچىكلەر داۋاملىق پايدىلىنىلغاندىن سىرت، يېڭى كېچىكلەر ئۇزلۇكسىز بارلىققا كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى 1755-يىلى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندا شىمالىي يول قوشۇنى غۇلجا كېچىكىدىن ئۆتۈپ تۆمۈرلۈك تېغى ئارقىلىق ئىلگىرىلىگەن، غەربىي يول قوشۇنى كەتەك كېچىكىدىن ئۆتۈپ گېدەنتاغقا ئۇدۇل بېرىپ، داۋاچىنى مەغلۇپ قىلغان. 1762-يىلى كۇرەدە ئىلى قاتارلىق جايلارنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلىدىغان ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلى دەرياسىدىكى بۇرۇنقى كېچىكلەردىن داۋاملىق پايدىلانغان ۋە يېڭى كېچىكلەرنى

بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە غۇلجا كېچىكى، كۇرە كېچىكى، جىرغىلاڭ كېچىكى، ياماتۇ كېچىكى، قاراتام كېچىكى، قارابۇرا كېچىكى، زىكتى كېچىكى قاتارلىقلار بار.

غۇلجا كېچىكى — غۇلجا بىلەن چاپچال ئارىلىقىدىكى قەدىمىي كېچىك. ئۇ خەلق ئارىسىدا ئايدۈڭ كېچىكى دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ كېچىككە مەخسۇس باشقۇرغۇچى قويۇلۇپ، ئىككى كېمە ماڭدۇرۇلۇپ، كېمە بىلەن هارۋا، يولۇچىلار ئۆتكۈزۈلگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى پولات ئارقان تارتىلىپ، چىغىرىق بېكىتىلىپ، ئاپتوموبىل، هارۋا، يولۇچىلار دەريادىن كېمە بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن. 60 ـ يىللاردا پولات ئارقان چوڭايتىلىپ، چوڭ كېمە سېلىنىپ، بىر قېتىمدا تۆت ئاپتوموبىل، بىرقانچە هارۋا ۋە نۇرغۇن ئادەم ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغان، ئەڭ يۇقىرى كۆتۈرۈش كۈچى 40 توننىغا يەتكەن. 1976 ـ يىلى ئىلى دەرياسى 1 ـ چوڭ كۆۋرۈكى پۈتۈپ قاتناش باشلانغاندىن كېيىن كېمە ئىشتىن توختىغان.

كۇرە كېچىكى — ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى جايلاشقان قەلئە شەهەر كۇرە بىلەن چاپچالنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇهىم كېچىك. ئۇنىڭدىن 1765 ـ يىلىدىن تارتىپ پايدىلىنىلغان، بۇ كېچىكتە ئىككى كېمە ماڭدۇرۇلغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى پولات ئارقان تارتىلىپ، چىغىرىق بېكىتىلىپ، ئاپتوموبىل، هارۋا، يولۇچىلار كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتكۈزۈلگەن. 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ئىلىنىڭ مەركىزى كۇرەدىن غۇلجىغا يۆتكەلگەنگە قەدەر بۇ كېچىكتىن پايدىلىنىلغان.

جىرغىلاڭ كېچىكى — بۇ قەدىمىي كېچىك بولۇپ، غۇلجا شەهىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى جىرغىلاڭ بىلەن چاپچال ناهىيىسىنىڭ كېمچىي مەهەللىسى ئارىلىقىغا جايلاشقان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى غۇلجا كېچىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن پايدىلىنىشتىن تەدرىجىي توختىغان.

ياماتۇ كېچىكى — بۇ غۇلجا شەهىرىدىن موڭغۇلكۇرە، تېكەس، كۈنەس، توققۇزتارا ناهىيىلىرىگە بېرىشتىكى قەدىمىي مۇهىم ئۆتكەل. قەدىمكى زاماندا كىشلەر تۇرلۇك ئۇسۇللار ئارقىلىق بۇ كېچىكتىن ئۆتۈپ كەلگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىرقانچە ئۆيلۈك موڭغۇل بىرلىشىپ، قېيىق بىلەن يولۇچىلارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ تۇرغان. 1933 ـ يىللىرى رۇسلار يەرلىك كىشلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئىككى قېيىقنى بىرلەشتۈرۈپ كېمە قىلىپ، ئىككى قىرغاققا ئارقان تارتىپ چىغىرىق بېكىتىپ، بىر قېتىمدا ئىككى هارۋا ۋە يولۇچىلارنى دەريادىن ئۆتكۈزگەن. 1956 ـ يىلى توققۇزتارا ناهىيىسىنىڭ قاتناش تارمىقى بۇ كېچىكنى ئىگىدارچىلىقىغا ئېلىپ، كېمىنى چوڭايتقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا ئىگىلىك 4 ـ شى بۇ كېچىكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە قوش قېيىقتىن تەركىب تاپقان كېمىنى ئىشقا سېلىپ، قاتناشنى راۋاجلاندۇرغان. 1959 ـ يىلى ئىلى كېمە زاۋۇتىدا ياسالغان 32 توننىلىق كېمە ئىشقا سېلىنغان، 1966 ـ يىلى كېمە 40 توننىلىق كېمىگە ئالماشتۇرۇلغان. 1983 ـ يىلى ياماتۇ كۆۋرۈكى پۈتۈپ قاتناش باشلانغاندىن كېيىن،

www.uyghurkitap.com

كېمە ئۆتۈشنى توختىتىلغان. ھازىرقى كۈندە ياماتۇ كۆۋرۈكىنىڭ شىمال تەرىپىدە بىر كېمە شۇ ئەتراپقىچە ئۆتىدىغان يولۇچىلارنى توشۇماقتا.

قاراتام كېچىكى — غۇلجا ناھىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى جايلار بىلەن چاپچال ناھىيىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم قەدىمىي ئۆتكەل. 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى جۇڭگو يادرو سانائىتى 734 - زاۋۇتى قاراتام كېچىكىگە كېمە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاپتوموبىل، ھارۋا، يولۇچىلارنى دەريادىن ئۆتكۈزگەن. 1986 - يىلى قاراتام كۆۋرۈكى سېلىنغاندىن كېيىن، كېمە ئۆتۈشنى توختىتىلغان.

ئىلى دەرياسىدىكى كېچىكلەردە يازدا دەرياغا كەلكۈن كەلگەندە، قىشتا قاتتىق سوغۇقتا دەرياغا مۇز تۇتۇپ كەتكەندە كېمە بىرقانچە كۈن ئۆتۈشنى توختىتىپ قالاتتى. بەزىدە قاتناش قىستاڭچىلىقى تۈپەيلىدىن يولۇچىلار دەريا بويىدا قونۇپ قالاتتى. شۇڭا يولۇچىلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن دەريا بويىدا ياتاق سېلىنغان، ئاشخانا ئېچىلغان، كىچىك بازارمۇ شەكىللەنگەن.

### 2. *سالچىلىق*

سالدىن قەدىمكى زاماندا دەريا - ئېقىنلاردىن ئادەم، يۈك - تاق ۋە ئۇششاق چارۋا - مال ئۆتكۈزۈشتە پايدىلىنىلغان. كېيىنچە سال سۇ يولى ئارقىلىق ياغاچ توشۇش قورالىغا ئايلىنىپ قالغان. ئىلى دەرياسىدىكى سالچىلىق ئىشلىرى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئەينى زاماندىكى جۇڭغارلارنىڭ ئوردا، ساراي، ئىبادەتخانىلىرى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلىدا بىنا قىلىنغان توققۇز قەلئە شەھىرىدىكى مەھكىمە، ساراي، ئىبادەتخانا، مەسچىت قاتارلىق ئىمارەتلەرنىڭ ياغاچ ماتېرىياللىرى دەريانىڭ يۇقىرىسىدىكى جايلاردىن سال قىلىپ باغلىنىپ، سۇ يولى ئارقىلىق ئېلىپ كېلىنگەن. 1806 - يىلى ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى 70% لىك ياغاچ بېجىنى يولغا قويغان. قارىغاي كېسىش، توشۇش، سېتىش ئىشلىرىنى ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەر ئىشلىگەن. ھازىرقى ئىلى دەرياسى 1 - چوڭ كۆۋرۈكى ئەتراپىدا ياغاچ بازىرى بارلىققا كەلگەن. 1936 - يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلغان، 1943 - يىلى ئىدارە نامى قۇرۇلۇش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلگەن، ئارقىدىنلا دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق تەجرىبە مەيدانى قۇرۇلغان. 1936 - يىلى سودىگەرلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن ئىلى تاختاي زاۋۇتى قۇرۇلغان. ئىلى دەرياسىدا سال بىلەن ياغاچ توشۇش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىغىچە داۋاملاشقان.

سالچىلىق كەسپى باتۇرلۇق، چەبدەسلىكنى تەلەپ قىلىدىغان جاپالىق ۋە خەتەرلىك كەسپ. سالچىلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىجاد قىلغان، سالچىلارنىڭ باتۇرلۇق، ئەمگەك سۆيەر روھىنى ئىپادىلەيدىغان ئەمگەك قوشاقلىرى ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە:

چېكەرتىدىن سال باغلاپ،
دوگوۋار تولماي كۆز جايلاپ.
سالنى باغلاپ ھەم چېگىپ،
ئارقان كۆتۈردۇق ئاۋايلاپ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

سال بېشىنى باغلايمىز
ئىككىدىن چۈشۈپ ھەيدەيمىز.
چاغانسايدا توختىتىپ،
بوزا ئىچىپ قايناپمىز.

كۆكتېرەك چېتى سېپىلدەك،
شامال ئۆتەر يەلپۈلدەپ.
ئۆتەلمىگەن ئادەمنى،
ئىسلام ئۆتەر يېتىلەپ.

ئۇندىن چۈشۈپ ھەيدەيمىز،
يېرىمدىن توقاچ چىشلەيمىز.
قىزىلكۈرەدە توختىتىپ،
ئارقاننى مەھكەم باغلايمىز.

قىزىلكۈرە ئاتاقلىق،
كەچكە تاپتۇق ياتاقنى.
چاچقان سالنى يىغالماي،
ئاقچاباي تاپتى چاتاقنى.

قارنىڭ تېشى يېقىن يەر،
قىشتا چىقار مۇزدەك تەر.
مەدىيانىڭ بېشىدا
ئۆلتۈردۇ قىزاي ئەل.

قاراكۈرە قاپچاغاي،
تارتىمىز كۆرەك چارچىماي.
قاپچاغايدىن ئۆتكەندە،
ناخشا ئېيتىمىز ھارماي.

*3. كېمە، پاراخوت قاتنىشى*

ئىلى دەرياسىدا كېمە قاتنىشى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. كۈنەس ناھىيىسىنىڭ زىكتى بازىرىدىن تېپىلغان بىر قەدىمكى تاش ئويمىغا ئىككى قېيىقنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن، بۇ، ئىلىدا خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەردىن تارتىپلا قېيىقتىن پايدىلىنىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «كەمى ئىچرە ئولدۇرۇپ، ئىلا سۈۋىن كەچتىمىز، ئۇنغۇر تابا باشلانىپ، مىڭلاق ئەلىن ئاچتىمىز» (كېمىگە ئولتۇرۇپ ئىلى سۈيىدىن ئۆتتۇق، ئۇيغۇرلار تەرەپكە يۈزلىنىپ، مىڭلاق ئېلىنى ئالدۇق) («تۈركىي تىللار دىۋانى» 3-توم 324-بەت) دېگەن باياندىن ئەينى ۋاقىتتا زور قوشۇننى ئىلى دەرياسىدىن ئۆتكۈزەلەيدىغان چوڭ كېمىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، ئۇنىڭ زور قوشۇنى ئىلىغا كېلىپ دەم ئېلىپ، تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، كېمە، سال ئارقىلىق دەريادىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان. جۇڭغارلار دەۋرىدە ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا خوجىگىر، قاينۇق، چېتىم، شىمالىدا بورىبولسۇن، ئويمانبايتوقاي، غۇلجا قاتارلىق ئۇيغۇر يېزىلىرى بولغان، بۇ مەزگىلدىكى كېمىچىلەر ئۇيغۇرلار بولغان. ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى كېمىچىلەر مەھەللىسى ئەنە شۇ جۇڭغارلار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن.

ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى دېھقانلارنىڭ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان ئاشلىقى ئاۋۋال غۇلجا شەھىرىگە يىغىلىپ، ئاندىن قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق كۈرەگە ئېلىپ بېرىلغان، بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىنغان. ئىلى

جاڭجۇنى ئاگۇي بۇ ئاۋارىچىلىقنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئىلى دەرياسىنىڭ غۇلجا شەھىرى بىلەن كۈرە ئارىلىقىدىكى بۆلىكىدە 1766 ـ يىلى سىناق تەرىقىسىدە كېمە ماڭدۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن، رەسمىي سۇ قاتنىشى يولغا قويۇلۇپ، كۈرە بىلەن غۇلجىدا پرىستان ياسالغان. ھەر يىلى 4 ~ 10 ـ ئايغىچە بۇ سۇ يولىدا كېمە قاتنىغان. يىللىق سۇ توشۇش مىقدارى 700 توننىغا بولغان، 16 كېمە قاتنىغان. ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسى توققۇزتارادىكى موخۇردا كېمە ياساش زاۋۇتى قۇرۇپ، كېمە، قېيىق ياساتقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئىلى جاڭجۇنى توققۇزتارادىن كېمە بىلەن ئاشلىق توشۇشنى يولغا قويغان، بۇنىڭغا ئىككى ياندىش ئامبال بىلەن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان 10 نەچچە ئەمەلدارنى مەسئۇل قىلغان، كېمە بىلەن ئاشلىق توشۇشتا 400 دىن ئارتۇق مەھبۇس ئىشلىگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە چارروسىيە ئىلى دەرياسىدا سۇ قاتنىشىنى يولغا قويۇشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئىلى جاڭجۇنى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان. 1914 ـ يىلى چارروسىيىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بۇ ئىشنى قايتا ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمما بۇ تەلەپ يەنىلا رەت قىلىنغان. 1937 ـ يىلى سوۋسىنتورگ شىركىتى(سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتى)نىڭ باش دىرېكتورى جۇ خەيدىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى سودا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى گرىكوفنىڭ مەسئۇللىقىدا «ئىلى دەرياسىدا قاتناشنى يولغا قويۇش توختامى» ئىمزالانغان. سوۋسىنتورگ شىركىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈچ پاراخوت، تۆت كېمە ئىجارىگە ئېلىپ، ئىلى دەرياسىدا خەلقئارالىق سۇ قاتنىشىنى يولغا قويغان. پاراخوتلارغا جۇڭگو دۆلەت بايرىقى ئېسىلغان. بۇ پاراخوتلاردا شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان يەرلىك مەھسۇلاتلار ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنىدىغان سانائەت مەھسۇلاتلىرى توشۇلغان. قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ساندۇخوزىدا پرىستان ياسالغان. پرىستاندا 3000 كۋادرات مېتىرلىق ئامبار ۋە مال مەيدانى، چوڭ ـ كىچىك بولۇپ 3097 توننىلىق ماي باكى، 7.5 توننىلىق بىر زەنجىر تاپان كران، ئۈچ يۆتكەش ماشىنىسى ۋە بىر ماي پومپىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. پرىستان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىنىڭ ئارىلىقى 11 كىلومېتر بولۇپ، ھەر يىلى 4 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە بۇ سۇ يولىدا 300 توننىلىق پاراخوتلار قاتنىغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ئىلى دەرياسىدا سۇ قاتنىشى نورمال داۋام قىلغان.

*4. كۆۋرۈكلەر*

ئىلى دەرياسىنىڭ تارماقلىرىغا سېلىنغان كۆۋرۈكلەردىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھازىرقى قاش دەرياسى كۆۋرۈكى ئورنىغا سېلىنغان، ئۇزۇنلۇقى 54 مېتىر كېلىدىغان ياغاچ كۆۋرۈك(بۇ كۆۋرۈك 1948 ـ، 1966 ـ يىللىرى قايتىدىن سېلىنغان). 1930 ـ يىللاردا موڭغۇلكۈرەدىكى يەرلىك مۆتىۋەرلەرنىڭ پۇل چىقىرىشى، قادىر ئاخۇن ئۇستىنىڭ پىلانلىشى بىلەن چوڭ

www.uyghurkitap.com

مۇزئارت دەرياسىغا سېلىنغان ئىككى كۆۋرۈك، 1933 ـ ، 1934 ـ يىللىرى تېكەس دەرياسىغا سېلىنغان قۇربانجان كۆۋرۈكى (هازىرقى «ئازادلىق» كۆۋرۈكىنىڭ 100 مېتىرچە غەربىگە سېلىنغان بولۇپ، هازىر ئىزناسى بار، بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە پايدىلىنىلغان)، 1936 ـ يىلى موڭغۇلكۈرەدىكى ئاغىياز سۈيىگە مازاق ئاقىلاقچى سالدۇرغان ساغا كۆۋرۈكى بار.

ئازادلىقتىن كېيىن ئىلى دەرياسىغا ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىغا نۇرغۇن زامانىۋى كۆۋرۈكلەر سېلىنىپ، ئىلىنىڭ قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرىغا زور قولايلىق ئېلىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يېقىنقى يىللاردا تىلغا ئېلىنغانلىرىدىن سىرت، 2006 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قاتناش باشلانغان، ئىلى دەرياسى 1 ـ چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر غەربىگە سېلىنغان ئىلى دەرياسى پەۋقۇلئاددە چوڭ كۆۋرۈكى، قورغاس ناهىيىسى بىلەن چاپچال ناهىيىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان (يېڭى ئىگىلىك 4 ـ شى 63 ـ تۇەن ـ مەيدانى بىلەن 67 ـ تۇەن ـ مەيدانى ئارىلىقىغا جايلاشقان)، 2005 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قاتناش باشلانغان ئىلى دەرياسى 3 ـ چوڭ كۆۋرۈكى قاتارلىق چوڭ كۆۋرۈكلەر ۋە نۇرغۇن ئوتتۇراهال كۆۋرۈكلەر بار.

*پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:*

1. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

2. «ئىلىنىڭ قاتناش تەزكىرىسى» سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك قاتناش ئىدارىسى تۈزگەن، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

3. «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

4. «17 ـ ، 18 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جوڭغارلارنىڭ مۇناسىۋىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

5. «كۆۋرۈك ياساش ئۇستىسى قادىر ئاخۇن» . «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئۇيغۇرچە 15 ـ سان.

6. «غۇلجا خەلق قوشاقلىرى»، غۇلجا شەھەرلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىشخانىسى باستۇرغان.

7. بىر قىسىم پېشقەدەملەر بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسى.

تەھرىرلىگۈچى: غوجائەخمەت يۇنۇس

# سال ۋە سالچىلار

ئىسرائىل تۇردى

*(ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىدىن)*

سال قايسى دەۋردە، قايسى جايدا، كىملەر تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغانلىقى توغرىسىدا شەخسەن ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمەن. ماڭا ئېنىق بولغىنى بۇنىڭدىن 70 يىللار ئىلگىرىكى ئىشلار بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا تېكەس دەرياسىدا سال ماڭغۇزۇلغانلىقى ھەممىگە ئايان. بالىلىق چاغلىرىمدا تەڭتۇشلىرىم بىلەن بىللە دەريا بويىغا بېرىپ، ئۇ يەر، بۇ يەرلەرگە توختىتىپ قويۇلغان سالنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئوينايتتۇق. ئۇ چاغلاردا پەقەت بالىلارچە قىزىقىش بىلەنلا قارىغان بولساقمۇ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە نەقەدەر جاپالىق ھەم خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتۇق. كېيىن ھېس قىلىشىمچە قاتناش تەرەققىي قىلمىغان شۇ چاغلاردا شۇنچە كۆپ قارىغاينى پەقەت ئىككىلا ئادەمنىڭ شۇنچە يىراق جايلارغا يۆتكەپ بېرىشى پەۋقۇلئاددە زور ئىش ئىكەن.

سال دەريا قاتنىشىدا پەقەت سۇنىڭ ئېقىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئىككىلا ئادەمنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن ياغاچ توشۇشتا پەۋقۇلئاددە زور رول ئويناپ كەلدى. سال پەقەت دەريانىڭ ئېقىشى بويىچىلا ماڭىدۇ. شۇڭا ئۇنى قاتناش قورالى ئورنىدا ئىشلىتىپ ئادەم ياكى يۈك توشۇشقا بولمايدۇ، ناۋادا يۈك بېسىشقا توغرا كەلسە سالنى ھاسىل قىلغۇچى قارىغايلار قۇرۇق بولسا 2 ~ 3 توننىغىچە يۈك باسسا بولىدۇ. سال ھەيدەش يۈك توشۇش بولماستىن، بەلكى پەقەتلا شۇ سالنى ھاسىل قىلغۇچى ياغاچ ماتېرىياللارنى توشۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

سالنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىش ئۇنۇمى يۇقىرى بولۇشتىن سىرت يەنە مۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچىدىن، سالنى ماڭدۇرۇش ئۈچۈن بىرەر ماتورلۇق كۈچ مەنبەسى ياكى يېقىلغۇ دېگەندەك ئېنېرگىيە سەرپ قىلىنمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، سالنى باغلاش ئۈچۈن بىرەر زاۋۇت ياكى ئالاھىدە مۇئەسسەسە



www.uyghurkitap.com

بىلەن قۇرۇلغان بىرەر مەيدان تەلەپ قىلىنمايدۇ.

بىز سال توغرىسىدا شۇنداق بىر سىلىشتۇرمىنى كۆرسىتىپ ئۆتسەك ئارتۇقچە بولماس. ئادەتتە بىر سالغا توغرا كەسمە يۈزىنىڭ دىئامېتىرى 50 ~ 80 سانتىمېتىرغىچە بولغان، ئۇزۇنلۇقى 6 ~ 7 مېتىر كېلىدىغان قارىغايدىن 8~10 غىچە، دىئامېتىرى 30~40 سانتىمېتىرغىچە بولغان قارىغايدىن 11~12 گىچە، دىئامېتىرى 20 ~ 30 سانتىمېتىرغىچە بولغان قارىغايدىن 8 ~ 15 كىچە چېتىلىدۇ. ياغاچ سانى ۋە ئۇزۇنلۇقى شۇ ياغاچلارنىڭ توملۇقىغا قاراپ 8 ~ 16 مېتىرغىچە ھەر خىل بولىدۇ. ناۋادا بىر سالغا چېتىلىدىغان ياغاچلارنى ئاپتوموبىل بىلەن توشۇشقا توغرا كەلسە 4 ~ 5 ئاپتوموبىل ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق دېگەندىمۇ 16 مېتىرلىق ياغاچلارنى ئاپتوموبىل بىلەن توشۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئەينى يىللاردا ماشىنا ناھايىتى كەمچىل بولغاندىن سىرت يوللارمۇ ناھايىتى ناچار بولۇپ، تاغ ـ داۋانلاردىن ئاپتوموبىل ئۆتەلمەيتتى. خەلق يۈك توشۇشتا ئات ـ ئۇلاغ ۋە ھارۋىغا تاييناتتى. ئاددىيلا ياسالغان ھارۋا يوللىرى يامغۇر كۆپ ياغسا پاتقاق بولۇپ، ئويمان جايلارغا سۇ يىغىلىپ پاتقاق كۆلچەكلىرىنى ھاسىل قىلاتتى، ھارۋىلار پېتىپ قالسا، ئامالسىزلىقتىن ھارۋىدىكى يۈكنى يەرگە چۈشۈرۈپ ھارۋىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن يۈكنى قايتا بېسىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غۇلجا شەھىرى بىلەن تېكەس ۋە موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىرىنى ئېگىز تاغ ـ داۋانلار ئايرىپ تۇراتتى. مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا ئەجدادلىرىمىز ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ سالنى كەشىپ قىلىپ، سۇ كۈچىگە تايىنىپ سال ھەيدەپ، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ قاراكۆل دېگەن يېرىدىن غۇلجا شەھىرىدىكى تاختاي زاۋۇتىغىچە بولغان 300 كىلومېتىردىن ئارتۇق سۇ يولىدا ياغاچ توشۇپ ئالاھىدە زور ئۇنۇم ھاسىل قىلغان. بۇنداق ئۇزۇن مۇساپىلىك ئېقىندا ئېقىشقا چىدايدىغان سال ئەلۋەتتە پۇختا بولۇشى كېرەك. قارىماققا سال ئاددىي كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بەلگىلىك قائىدە ۋە تېخنىكىلىق تەلەپ بولىدۇ. شۇڭا ئاۋۋال تۆۋەندىكىدەك تەييارلىق خىزمىتى ئىشلىنىدۇ.

ئاۋۋال سالغا ئىشلىتىلىدىغان قارىغايلار ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا كېسىلىپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى بويىچە بىرقانچە بۆلەكلەرگە ئايرىلىپ، قوۋزىقى سويۇۋېتىلىپ، ھەر بىر ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىدىن 20 سانتىمېتىرغىچە ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ بۇرۇندۇق ياسىلىدۇ، توقاي تېلىنىڭ بىلەكتىن سەل ئىنچىكە شاخلىرىنى ئوخشاش چوۋقلىرى بىلەن قوشۇپ كېسىپ، ئاپتاپقا تاشلاپ سەل پورلاشقاندىن كېيىن، چوڭ ئۇچىدىن تۇتۇپ تولغىغاندا ئۇ تال ـ تال بولۇپ بويىغا يېرىلىپ، تولغىغانسېرى ئوخشاش چوۋقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ خۇددى ئارغامچىدەك ئىشلىنىدۇ. تال ئارغامچا ئادەتتىكى ئارغامچىدىن خېلىلا پىششىق

بولىدۇ، شۇڭا سال تال ئارغامچا بىلەن باغلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن قارىغايلار دەريانىڭ چېتىدىكى ئېقىنى ئاستا، سالنى لەيلىتىپ كۆتۈرۈپ تۇرغۇدەك سۈيى بار، قولتۇقسىمان ئايلانما جايغا بىر بىرلەپ چۈشۈرۈلۈپ، قارىغاينىڭ ئىككى ئۇچىدىكى بۇرۇندۇقتىن تال ئارغامچا ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەر ئۈچ قارىغاي بىر گەۋدە قىلىنىپ باستۇرمىغا ئايرىم - ئايرىم باغلىنىدۇ، بۇنداق باغلىغاندا ناۋادا تال ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كەتسە ياكى بوشاپ كەتسە شۇ ئۈچ قارىغايدىن باشقىلىرىغا تەسىر قىلماي، سالغا چېتىلغان باشقا قارىغايلارنىڭ، يەنى سالنىڭ چوڭ گەۋدىسىنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

سال تۆۋەندىكىدەك ئالتە بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ.

*1. ئۇلتاڭ:* ئۇ سالنىڭ ئەڭ ئاستىنقى بۆلىكى، يەنى بىر بىرىگە يانداپ چېتىلغان قارىغايلار بولۇپ، سالنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېسابلىنىدۇ.

*2. باستۇرما:* ئۇلتاڭنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى قارىغايلارنىڭ ئۈستىدىن ئىشلەنگەن بۇرۇندۇقنىڭ دەل ئۈستىگە توغرىسىغا قويۇلۇپ، بۇرۇندۇقتىن ئۆتكۈزۈلگەن تال ئارغامچا بىلەن باغلىنىدىغان ياغاچ. باستۇرما بىلەن ئۇلتاڭنى باغلاشتا سالنىڭ ئىككى چېتىدىكى قارىغايدىن ئىككى بۇرۇندۇق ياسىلىپ، باستۇرمىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن تال ئارغامچا چۆكۈپ تۇرغۇدەك ئويۇلىدۇ. ئاۋۋال باستۇرما بىلەن چەتتىكى قارىغاي مەھكەم مىدىرلىماس قىلىپ باغلىنىدۇ. باشقا قارىغايلاردىن بىردىن بۇرۇندۇق ياسىلىپ، باستۇرما بىلەن ھەر بىر ياغاچ بىرمۇ بىر باغلىنىدۇ. باستۇرمىنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئۈزۈنلۈقى ئۆلتاڭنىڭ كەڭلىكى بىلەن تەڭ بولىدۇ. باستۇرما سالنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى هاسىل قىلغۇچى ھەممە قارىغايلارنى ئايرىلماس بىر گەۋدە قىلىپ تۇتۇپ تۇرىدۇ. ھەر بىر سالنىڭ ئالدى ـ كەينى ئىككى ئۇچىدا بىردىن جەمئىي ئىككى باستۇرما بولىدۇ.

3. *قوزۇق:* بىر سالدا ئىككى قوزۇق بولۇپ، سالنىڭ ئىككى ئۇچى تەرىپىدىكى باستۇرمىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئۈستىدىن قېقىلىدۇ. قوزۇق مۇقىم ۋە چىداملىق بولۇشى كېرەك. شۇڭا قوزۇق قېيىن ياغىچىدىن ياسىلىدۇ، قوزۇقنىڭ باستۇرمىغا قېقىلىدىغان قىسمى سەل ياپىلاق، تۆت قىرلىق، خۇددى تۆت چاسا تۆمۈر گۈرجەكنىڭ شەكلىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئۈستۈنكى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمى ئادەتتىكى قوزۇقتەك يۇمىلاق شەكىلدە، توغرا كەسمىسىنىڭ دىئامېتىرى 8~9 سانتىمېتىرچە بولىدۇ.

4. *گۈرجەك:* ئۈزۈنلۈقى 7~8 مېتىرچە كېلىدىغان، ئىنچىكە ئۇچىنىڭ دىئامېتىرى 18 ~ 20 سانتىمېتىرغىچە بولغان تۈز قارىغاي ياغىچىدىن پالتا ـ كەكلەر بىلەن چېپىلىپ، بىر ئۇچى ياپىلاق كەڭ، يەنە بىر ئۇچى قولدا بىمالال تۇتقىدەك ئىنچىكە ھەم يۇمىلاق ياسىلىدۇ، گۈرجەكنىڭ ياپىلاق ئۇچى سەل بىسىپ تۇرغۇدەك تەڭپۇڭ بولىدىغان جايىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ، باستۇرمىنىڭ ئۈستىگە قېقىلغان قوزۇققا ئورنىتىلىدۇ. بىر سالدا ئىككى گۈرجەك بولىدۇ. گۈرجەكنىڭ شەكلى قولۋاقنىڭ پالىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ رولى پالاقتا ئوخشىمايدۇ، پالاق قولۋاقنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە بولۇپ، قولۋاقنى ئىتتىرىش رولىنى ئوينايدۇ، لېكىن گۈرجەك سالنىڭ ئالدى ۋە كەينىگە ئورنىتىلىدىغان بولۇپ، ئاپتوموبىلنىڭ رولىغا ئوخشاش يۆنىلىشنى توغرىلاپ سالنى باشقۇرۇپ مېڭىش رولىنى ئوينايدۇ.

5. *پوكەي:* سالنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىككى باستۇرمىنىڭ ئۈستىگە توغرىسىغا، ئۆلتاڭ ياغاچلىرىغا پاراللېل قىلىپ قويۇلىدىغان قارىغايلار. پوكەينى سالنىڭ ئىككىنچى قەۋىتى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ھەر بىر سالنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككىدىن جەمئىي تۆت ياكى تۆتتىن جەمئىي سەككىز ياغاچ قويۇلىدۇ. پوكەينى قويۇشتا قارىغاينىڭ سانى ۋە چوڭلۇقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئېغىرلىقى ئوخشاش بولۇشى، تەڭپۇڭلۇقى ياخشى ساقلىنىشى كېرەك.

پوكەينى قويۇشتىكى مەقسەت سالدىكى قارىغاينىڭ سانىنى كۆپەيتىپ ئىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت، ناۋادا قارىغايلارنى بىر ـ بىرىگە ياندىشى قىلىپ چاتقاندا سالنىڭ يۈزى بەك كەڭ بولۇپ كەتسە دەريانىڭ تار جايلىرىدىن ئۆتەلمەيدۇ. پوكەينىڭ نەچچە خىل رولى بولىدۇ، سالنى يىغىنچاق قىلىپ تۇشۇلىدىغان ياغاچنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرىدۇ. سالچىلار ئېلىپ ماڭىدىغان ئوزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەك، ئورۇن ـ كۆرپىلىرىنى پوكەي ئۈستىگە قويۇپ، سۇغا چىلىشىپ قېلىشتىن ساقلايدۇ. سالچىلار

گۆرجەك تارتقاندا پۈكەيگە تىرەجەپ كۆچىنىشكىمۇ پايدىلىق.

*6. ياندىاق:* سالنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە يانداپ چىتىلىدىغان ياغاچ. ياندىاق ئۇلتاڭ ياغاچلىرىدىن سەل قىسقا ھەم ئىنچىكە بولۇپ، ئۇلتاڭغا بەك تاقىۋەتمەي ئىككى ئۇچىدىن باغلىنىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق رولى بار:

بىرىنچىدىن، دەريا ئېقىنى ئوخشاش بولماي بەزى جايلاردا سۇ كەڭ يېيىلىپ ئاقىدۇ، بۇنداق جايلاردا سۇ تېيىز ھەم ئېقىن كۈچى ئاجىز بولغاچقا، سالنى ئېقىتىش ياخشى بولمايدۇ، سالنىڭ ئاستىغا بىر نەرسە تىرىلىپ قالسا سال ماڭالماي قالىدۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئىككى تەرەپتىكى ياندىاقنىڭ ئارقا ئۇچىنى بوشىتىپ سالدىن نېرى قىلىپ، ئۇزۇن ئارغامچا بىلەن باغلاپ قويۇلسا، ئىككى ياندىاق خۇددى قۇشنىڭ قانىتىدەك كېرىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئارقا تەرەپتىن ئېقىپ كېلىپ سالغا ئۇرۇلىدىغان سۇنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ ئىتتىرىش كۈچى ئېشىپ، سالنى توسالغۇلاردىن تۇرتۇپ چىقىرىپ ئېقىشىنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، دەريانىڭ ئېقىن يولى ئوخشاش بولمايدۇ، بەزى جايلاردا ئۇدۇل ئاقسا، بەزى قولتۇقسىمان جايلاردا بۇرۇلۇپ ئېقىپ قايناملارنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق چاغدا سالنىڭ ئارقىسىدىن ئۇرۇلىدىغان سۇنىڭ ئېقىش يۆنىلىشىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ ھەم سالنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئېقىننىڭ سالغا بولغان تەسىر كۈچى بىردەك بولماي سال پىرقىراپ قالىدۇ. بۇنى سالچىلار «سال قايدى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، ئېغىر بولغاندا سال قىيسىيىپ سۇغا چۆكۈپ كېتىدۇ. بۇنداق چاغدا ئىككى تەرەپتىكى ياندىاقنىڭ زۆرۈر بولغان بىرىنىڭ ئارقا ئۇچىنى بوشىتىپ، يۇقىرىقى ئۇسۇلدا ئېقىن كۈچىنى تەڭشەپ، سالنى قايناملاردىن ئوڭۇشلۇق ھەيدەپ ئۆتۈپ خەتەردىن ساقلىنىشقا بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، دەريا ئېقىنى تار، سۇنىڭ ئېقىشى تېز جايلاردا سالنى باشقۇرۇش قىيىن بولۇپ، سال دەريانىڭ قىرغاقلىرىغا سوقۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا قىرغاققا ياندىاق ئاۋۋال ئۇرۇلۇپ، سالنى ئېقىننىڭ ئوتتۇرىسىغا سىلجىتىدۇ. ناۋادا قاتتىق سوقۇلۇپ كەتسە، ياندىاق سالدىن ئاجراپ كېتىپ سالنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بۇزۇلماي ساق قالىدۇ. سال خەتەردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن زاپاس ياغاچتىن ياندىاق باغلىنىپ يول داۋام قىلىنىدۇ.

سال باغلاشتا مۇنداق بىرقانچە تەرەپكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

سالغا چېتىلىدىغان قارىغايلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىردەك بولۇپ، ياغاچنىڭ ئىنچىكە ئۇچلىرى بىر قىلىپ باغلىنىپ سالنىڭ ئالدى قىلىنىدۇ، دىئامېتىرى يوغان ئۇچلىرى بىر قىلىپ باغلىنىپ سالنىڭ ئارقا تەرىپى قىلىنىدۇ، بۇنداق قىلغاندا سالنىڭ ئالدى تار، كەينى كەڭ بولىدۇ ـ دە، سۇنى يېرىپ ماڭالايدۇ، ئارقا تەرىپى كەڭ بولغاچقا، ئارقىدىن ئۇرۇلىدىغان سۇ مىقدارىمۇ كۆپ بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

سۇنىڭ ئىتتىرىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ سالنىڭ ئېقىشى تېز بولىدۇ.

سال باغلىغاندا ئەڭ ياخشىسى ئوخشاش چوڭلۇقتىكى ياغاچلار بىر سال قىلىپ باغلىنىشى كېرەك، ئەمما ياغاچلارنىڭ ھەممىسى دائىم دېگۈدەك ئوخشاش بولۇۋەرمەيدۇ، بەزىدە توم، بەزىدە ئىنچىكە ياغاچلارنى ئارىلاشتۇرۇپ باغلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق چاغدا دىئامېتىرى چوڭ بولغان قارىغاينى سالنىڭ بىر چېتىگە باغلاپ، قالغانلىرىنى چوڭىدىن كىچىككىچە قاراپ تىزىپ ئەڭ ئىنچىكىسىنى سالنىڭ يەنە بىر چېتىگە باغلاش كېرەك. مۇشۇنداق باغلىغاندا سالنىڭ ئاستى-ئۈستى يۈزى تەكشى بولۇپ، سال تەكشى لەيلەپ ماڭىدۇ. ئەگەر يوغان ياغاچ ئوتتۇرىغا باغلىنىپ قالسا، سالنىڭ ئاستى يۈزى تەكشى بولماي قېلىپ، سۇ تېيىز جايغا كەلگەندە ئوتتۇرىدىكى چوڭ ياغاچ يەرگە ياكى دەريادىكى تاشلارغا تېگىپ قېلىپ سال ئاقالمايدۇ ياكى تاشلارغا قاتتىق ئۇرۇلۇپ خەتەر تۇغۇلىدۇ. شۇڭا سال باغلاشتا يۇقىرىدىكى قائىدە ۋە تەلەپلەرگە چوقۇم رىئايە قىلىنىش كېرەك.

گەرچە سال ماڭىدىغان مەزگىل 4 ~ 10-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولسىمۇ، لېكىن سالچىلار قىشتىمۇ تىنىم تاپماي ئىشلەيدۇ. ئۇلار قىشتا موغۇلكورەنىڭ چىكىرتى دېگەن جايلىرىدا قارىغاي كېسىپ، تاغلاردىن تۆۋەنگە سىيرىلدۇرۇپ چۈشۈرىدۇ، ئاندىن ئات-ئۆكۈزلەر بىلەن دەريا بويىغا توشۇپ توپلايدۇ. 4-ئاي كېلىشى بىلەن سۇغا چىلىنىپ تۇرۇپ سال باغلايدۇ، ئاندىن ئۇزۇق-تۈلۈك، ئورۇن-كۆرپىلىرىنى سالغا بېسىپ، ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان چوڭ ئېقىنغا كىرىپ ئارقا-ئارقىدىن ماڭىدۇ. سالنىڭ ئالدىنقى گۈرجىكىنى تۇتۇپ ماڭىدىغان كىشى «باشچى»، كەينىدىكىنى تۇتىدىغان كىشى «قۇيرۇقچى» دېيىلىدۇ. سال چوڭ ئېقىننىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭسا بىخەتەر بولىدۇ، شۇڭا باشچى ئېقىن يوللىرىنى پىششىق بىلىپ، سالنى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىن چەتنەتمەي مېڭىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. قۇيرۇقچى باشچىنىڭ گۈرجەك تارتىشىنى ياخشى كۆزىتىپ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ بەرسىلا بولىدۇ.

موغۇلكورە، تېكەسلەردە يامغۇر كۆپ ياغىدۇ. بۇ يەرلەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپلا تۆكمە يامغۇر يېغىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆپ بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا سالنى توختىتىدىغان مۇۋاپىق جاي بولسا، توختاپ توقايلىقتا يامغۇردىن پاناھلىنىشقا بولىدۇ، ئەگەر ئۇنداق جاي بولمىسا، يامغۇرغا چىلىنىپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. سالچىلار بۇنداق جاپالارغا كۆنۈك بولۇپ ئۇنى جاپا ھېسابلىمايدۇ. سالچىلار ئۈچۈن ئەڭ خەۋپلىك بولغىنى سالنىڭ چۆۋۈلۈپ كېتىشىدۇر. تال ئارغامچىنىڭ پۇختا بولماسلىقى، سالنىڭ قائىدىگە مۇۋاپىق باغلانماسلىقى، سال ياخشى باشقۇرۇلماي قىرغاقلارغا سوقۇلۇپ كېتىش قاتارلىق ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن سال چۆۋۈلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ.

بۇ گەرچە ئاز كۆرۈلىدىغان ھادىسە بولسىمۇ، لېكىن خەتىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، سالچىلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ. شۇڭا سالچىلار، بولۇپمۇ سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغانلار يەل توشقۇزۇلغان تۇلۇمدىن بىرنى ئېلىۋالىدۇ. شۇنداقتىمۇ خەتەردىن قۇتۇلۇش تەس. جان ئامان قالغان بىلەن چۈۋۈلۈپ كەتكەن سالنىڭ قارىغايلىرى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ يىراقلارغا ئېقىپ كېتىدۇ، بىرمۇنچىلىرى ھەرقايسى ئارال، دەريا بويىدىكى قىرغاقلارغا بېرىپ توختاپ قالىدۇ. بۇنداق جايلارغا ئات-ئۇلاغ، ھارۋىلارنى ئېلىپ بېرىشقا بولمىغاچقا، ئادەم كۈچىگە تايىنىپ جاي-جايلاردىن ياغاچلارنى يىغىپ كېلىپ، سالنى قايتىدىن باغلاش ناھايىتى مۇشكۈل ئىش. سال ئۈستىدە خەتەر كۆپ بولۇپ، ئۆلۈم ھادىسىلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. سال چۈۋۈلىدىغان ھادىسە كۆپىنچە قاپچاغاي دېگەن جايدىكى تارقىستاڭدىن ئۆتۈۋاتقاندا يۈز بېرىدۇ. شۇڭا سالچىلار سەپەردىن قايتىپ كەلگۈچە ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانا، بالا-چاقىلىرى ئەنسىزچىلىكتە ئۆتىدۇ. بۇ ھەقتە 1953-يىللاردا بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلەپ ئۆتىمەن.

تېكەس ناھىيە بازىرىدا يالغۇز ئوغۇللۇق بىر موماي بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى(ئىسمىنى ئەسلىيەلمىدىم) خۇش پېئىل، قەيسەر يىگىت ئىدى، تەمبۇر چالاتتى، ناخشىنىمۇ ياخشى ئېيتاتتى. ئۇ سال ھەيدەپ كەتكەن كۈنلەردە «قاپچاغايدا سال چېچىلىپ ئادەم ئۆلۈپتۇ» دېگەن شۇم خەۋەر تارقىلىدۇ. ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندە مىش-مىش پاراڭلار كۆپىيىپ ئاخىرى مومايىنىڭ شۇ ئوغلى ئۆلۈپ كەتتى، دېگەن گەپ مۇقىملىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن موماي ھازا ئاچىدۇ. قولۇم-قوشنىلار، ئۇرۇق-تۇغقانلار مومايغا تەسەللى بېرىپمۇ ھەسرىتىنى باسالماي، يىغا-زارە ئوخشاش داۋام قىلىپ، يەتتە نەزىرى بېرىلگەن كۈنى ئۇنىڭ ئوغلى ئورۇن-كۆرپىسى بىلەن تەمبۇرىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە كېلىدۇ. ئۇ چاغلاردا قاتناش قىيىن بولغاچقا، سالچىلار بەزىدە غۇلجىدىن پىيادە يولغا چىقىپ تېكەسكە ئۈچ كۈندە كېلەتتى. مومايىنىڭ ئوغلىمۇ شۇنداق بولغانىكەن. ئوغۇل دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ ھازىدارلارنى كۆرۈپلا «ئانام قازا قىلىپتۇ» دېگەن ئەندىشە بىلەن «ۋاي ئانام» دەپ يىغلاپ كىرىدۇ. ئانا بالىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرسىمۇ، دەماللىققا ئىشىنەلمەي تېڭىرقاپ قالىدۇ. قاتتىق ھاياجانلانغىنىدىن خۇدىنى يوقىتىپ بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىدۇ، مانا بۇ ئەنسىزچىلىكتە ياشاۋاتقان سالچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىن بىر ئەمەلىي مىسالدۇر.

سالچىلارنىڭ مەشغۇلاتى ئىنتايىن مۇشكۈل. ئۇلار قاراكۆلدىن يولغا چىقىپ تېكەس، قاپچاغاي، باشسالا، قاراباغ قاتارلىق جايلاردا ئۈچ ياكى تۆت قونۇپ ئۆتىدۇ. بۇ قونالغۇلاردا ياتاق يوق بولۇپ، توقايدىكى چاتقاللار ئارىسىدا ياكى تاشلىق ئاراللاردا تۈنەيدۇ. ئاش-تاماقلىرىنى ئۆزلىرى تەييارلايدۇ، دەماللىققا يەيدىغانغا ئېلىۋالغان ئاز-تولا پىششىق گۆش، نان، مېۋە-چېۋىلىرى تېزلا تۈگەيدۇ، شۇڭا

www.uyghurkitap.com

تاغارغا ئۇن ۋە كۆكتاتلارنى قاچىلاپ ماڭىدۇ. خام گۆشنى ساقلاش قىيىن بولغاچقا، بىرنەچچە قوي ياكى بىرەر تورپاقنى سالغا بېسىپ مېڭىپ، زۆرۈر بولغاندا سويۇپ ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. شۇڭا ھەر كۈنى كۈن ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋال يورۇشتىن توختاپ، بىرلىرى ئۈچ پۇتلۇق ئاسما ئوچاقتا چاي قاينىتىپ ئۇماچ ئېتىدۇ، بىرلىرى مال سويىدۇ، بىرلىرى خېمىر يۇغۇرىدۇ، يەنە بىرلىرى دەريا بويىدىكى قۇمنىڭ ئۈستىگە ئوت قالاپ، قۇمنى قىزدۇرۇپ، قۇمغا كۆمەچ كۆمۈپ پىشۇرىدۇ. قۇمغا كۆمۈپ پىشۇرۇلغان بۇنداق كۆمەچنىڭ ئالدى-كەينى ئوخشاش قىزىرىپ بىر خىل پىشىدۇ. دەريا قۇمى سۇدا توختىماي چايقىلىپ پاكىزلىنىپ تۇرغاچقا، كۆمەچ پىشقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر تالمۇ قۇم چاپلىشىپ قالمايدۇ. بۇ ئەسلىدە سالچىلارنىڭ ئامالسىزلىقتىن تاپقان چارىسى ئىدى. ناننىڭ بۇنداق ئوڭۇشلۇق پىشۇرۇلۇشى كېيىنكى چاغلاردا باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى ئۈلگە بولۇپ قالدى.

يىغىپ ئېيتقاندا سالچىلارنىڭ ئىشى مۇشكۇل ھەم خەتەرلىك بولۇپ، بۇ مۇشكۇل ئىشقا قاتناشقانلارمۇ كۆپ ئەلۋەتتە. لېكىن بۇرۇنقىلار بۇ ھەقتە يازغان خاتىرىلەر ناھايىتى كەم بولغاچقا، سال ھەيدەش داۋامىدا بولۇپ ئۆتكەن كۆپلىگەن ئىشلارنى كېيىنكىلەر ئانچە بىلمەيدۇ. مەندە بۇ ھەقتە مۇنداق بىر تارىخىي سۈرەت بار. 1949-يىلى 4-ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئەخمەتجان قاسىمى سال باغلايدىغان ئىدى. چەت جاي—موڭغۇلكۈرەنىڭ قاراكۆلدىن سالغا ئولتۇرۇپ غۇلجا شەھىرىگىچە بولغان نەچچە كۈنلۈك سەپەردە قاپچاغاي دېگەن جايدىكى ئىككى تارماق ئېقىننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاشلىق ئارالدا قونغاندا، ئاسما ئوچاقتا ئېسىلغان قازان بىلەن سالچىلارغا ئۇماچ ئېتىپ بېرىپ، ئۆزىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە تاماق يەۋاتقان چاغدىكى بىر كۆرۈنۈش.

ئىنسانىيەت تارىخىدا بىر قىسىم كەشپىياتلار دەۋر خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئۇ ئەمەلدىن قالىدۇ. سال دەل مۇشۇنداق بولدى. تېكەس دەرياسىدا پەيدا بولغان سال ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن مەيدانغا كېلىپ، ماتورلۇق قاتناش قۇراللىرى يوق، يوللار ناچار چاغلاردا ياغاچ توشۇشتا پەۋقۇلئاددە چوڭ رول ئوينىدى، تەسىر دائىرىسىمۇ بارغانسېرى كېڭىيىپ سالچىلار قوشۇنىمۇ زورايدى. كېيىنچە تېكەس ناھىيىسىدىكى قىرغىزلارمۇ سالچىلار سېپىگە قوشۇلدى.

تېكەس دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قاراكۆل دېگەن جايدىن غۇلجا شەھىرىگىچە بولغان دەريادىن پايدىلىنىپ ياغاچ توشۇش 1965-يىلغىچە داۋام قىلدى. 1965 ~ 1987-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا سالنىڭ شەكلىدە قىسمەن ئۆزگىرىش بولۇپ، تال ئارغامچا ئورنىدا پولات سىم، قوزۇق ئورنىدا تۆمۈر مىق ئىشلىتىلدى، سالنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىردىن باغلاندى، ئاندىن ئىككىدىن ئۈچكىچە سال پولات سىم

ئارقىلىق ئارقىمۇ ئارقا چېتىلىپ ھەيدەلدى. لېكىن بۇ خىل سال پەقەت قاپچاغايدىن غۇلجىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەريا تېنچ ئاقىدىغان مەلۇم ئارىلىقتىلا ئىشلىتىلدى، قاپچاغاي بىلەن قاراكۆل ئارىلىقىدىكى دەريا سۈيى شىددەت بىلەن ئاقىدىغان 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق دەريا بۆلىكىدە ئاققۇزۇشقا بولمىغاچقا، 1987 - يىلىدىن ئېتىبارەن پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدى. دەۋر تەرەققىي قىلىپ قاتناش راۋانلاشقاندىن كېيىن، سال تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بولۇپ، 1987 - يىلى ئەمەلدىن قالدى. بۇ جايدا سال پەيدا بولۇپ، بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ ئاخىرى ئەمەلدىن قالغانغىچە بولغان مەزگىلدە سالچىلار نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۈرۈپ زور ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلدى، ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئىجادكارلىق روھى بىلەن كۆپلىگەن ئۈلگە ۋە ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى، يەنە قانچىلىغان سالچىلار سەپەردە ھادىسىگە ئۇچراپ ھاياتىدىن ئايرىلدى، ھايات قالغانلىرىمۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر - بىرلەپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ ھەقتە يازما خاتىرە بولمىغاچقا، ئاشۇ جاپاكەش سالچىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى يېزىپ چىقىشىم يۈزەكى بولۇپ قالدى. تۆۋەندە ئۆزۈم ئېنىق بىلىدىغان بىرقانچە ئەۋلاد سالچىنى ئەسلەپ ئۆتىمەن:

بىرىنچى ئەۋلاد سالچىلار: باقى سالچى، رەخىم ئۇستا، ھوشۇرئاخۇن، ھوشۇر(چىپار)، ئىمىن(ئۇزۇن)، مۇھەممەتجان(ساقال)، ئوسمانجان(پايپاق)، ھوشۇر(چوقۇر)، ناسىرجان سالاھىدىن (گۇرچەك ياساش ئۇستىسى، ھازىر 91 ياشتا)، ئەبەيدۇللا ناسىر(ھازىر 80 ياشلاردا).

ئىككىنچى ئەۋلاد سالچىلار: مۇھەممەت زەينىدىن، باياخۇن ئوغلى تۇرسۇن(بورسۇق)، ئىلاخۇن ئوغلى مۇھەممەت(سۆلەت)، روزەم، قارا روزەم، سۇلايمان ئىسمائىل.

ئۈچىنچى ئەۋلاد سالچىلار: ئىمىن(ئۇزۇن)نىڭ ئوغلى تۇرسۇن(پاراكەندە)، ھوشۇر (چىپار)نىڭ ئوغلى ئابدۇغوپۇر.

يۇقىرىدىكى پېشقەدەم سالچىلار بولمىغان بولسا، تېكەس تەۋەسىدە سال بولمىغان بولاتتى. بۇ ماقالەم ئارقىلىق ئۇلارنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيمەن ھەمدە بۇ ماقالىنى يېزىشىمغا ياردەم قىلىپ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن يۇسۇپجان ھوشۇر، ئابدۇغوپۇر ھوشۇرلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

تەھرىرلىگۈچى: پولات ھەمىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تەجەللى مەقبەرىسىنىڭ ياسىلىشى ۋە قوغدىلىش جەريانى

دىلشات ئابلىز

*(قاغىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن)*

ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىدىن بىرى، مەشھۇر تېۋىپ، ئالىم مەۋلانە ھۈسەيىنخان تەجەللى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان بولۇپ، ياش چېغىدا ئاتىسى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ، ئەرەبىستاندا بىر مەزگىل باشلانغۇچ ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، ھىندىستاندىكى دېھلى دارىلئۇلۇمىدا، ئاندىن ئىراندىكى ئىسپىھان دارىلفۇنۇندا ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرى ۋە تىل-ئەدەبىيات، تارىخ، لوگىكا، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك، خىمىيە، ماتېماتىكا پەنلىرىنى ئۆگەنگەن. بۇ جەرياندا ئۇ ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى، تارىخىنى تەتقىق قىلغان، بۇ تىللاردا كۆپلىگەن شېئىر ۋە نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ، يۈكسەك ماھارىتى ۋە تالانتىنى نامايان قىلىپ، ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ، ئۇستازلارنىڭ ماختىشىغا ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا بارلىق ساۋاقداشلىرىدىن ئۈستۈن چىقىپ، تەجەللى(چاقماق)، مۇجەللى (مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىققۇچى) دېگەندەك شەرەپلىكناملارغا ئېرىشكەن.

ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ياقۇپبەگ (بەدۆلەت) تەجەللىنى يۇقىرى مەنسەپ بىلەن ھۆكۈمەت خىزمىتى ئۆتەشكە تەكلىپ قىلغان، ئەمما ئۇ ياقۇپبەگنىڭ تەكلىپىنى چىرايلىق رەت قىلىپ، قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، گۇمىلاردا مۇدەررىسلىك ۋە تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس تىللىرىدا كۆپلىگەن ساتىرىك شېئىرلارنى يازغان ۋە تىل-تەرجىمە، پەلسەپە، تارىخ، لوگىكا، خىمىيە، تېبابەتچىلىك پەنلىرىدە كۆپلىگەن نەتىجىلەرنى ياراتقان. ئەرەب، پارس تىللىرىدا



يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرى «بەرقى تەجەللى سەبقى مۇجەللى» نامى بىلەن 1899 - يىللىرى ھۇسەيىن مۇسابايوپ ۋە باھاۋۇدۇن مۇسابايوپلارنىڭ خىراجىتى بىلەن قەشقەردە تاش مەتبەئەدە بېسىپ تارقىتىلغان. يەنە ئۇيغۇر تىلىدا يازغان شېئىرلىرى«دىۋان تەجەللى»(تەجەللى شېئىرلىرىنىڭ كىچىك توپلىمى) بېسىلغان. بەزى شېئىرلىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «باياز»لارغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىن سىرت ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىلمىي ئىجادىيەت ۋە تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا «تۆھپە تۇلبەھرەيىن»، «دىۋان ئەرەبى»، «مەجمۇئەتۇل قەسائىد»، «سەبدەرنامە»، «ئىشق تىلسىملىرى»، «تىببىي تەجەللى» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان ۋە «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلغان.

تەجەللى ئىلمىي ئىجادىيەت ھاياتىدا تۇرمۇش زورۇرىيىتى ۋە دوست - يارەنلىرىنىڭ تەكلىپلىرى بىلەن قاغىلىقنىڭ غوجائېرىق يېزىسىنىڭ شورۇق(شورئېرىق) كەنتىدە 20 يىل، گۇمىنىڭ كىلياڭ يېزىسىنىڭ كۆھتام كەنتىدە يەتتە يىل تۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىنى قاغىلىق بازىرىنىڭ شىمالىدىكى كاسكا كەنتىدە ئىجادىيەت ۋە تىبابەتچىلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن. تەجەللى 1926 - يىلى رامزاننىڭ 12 - كۈنى 78يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئالىمنىڭ مۇسىبىتى چوڭ داغدۇغا قوزغىغان. قەشقەر، يەكەن، گۇما، خوتەنلەردىن نۇرغۇن دوستلىرى ۋە شاگىرتلىرى، ئېتىقادچىلىرى كەلگەن. ئۇلار تەجەللىنى دەپنە قىلىشتا يەرلىكنى قەيەردىن ئېلىش توغرىسىدا كۆپ تالاش - تارتىش قىلىشقان، يەكەندىن چىققانلار تەجەللى ھەزرىتىم بىزگە بىر نەچچە يىل مۇدەررىس بولغان، يەكەندە شاگىرتلىرى كۆپ، بىزلەر تەجەللىنى ئالتۇن مازارغا دەپنە قىلىمىز، كاتتا مازار قاتۇرۇپ دۇئا - تەكبىر قىلىپ تۇرىمىز دېيىشكەن. گۇمىدىن كەلگەنلەر ئالىمنىڭ يەتتە يىللىق ھاياتى بىزنىڭ كۆھتامىدا ئىلمىي ئىجادىيەت ۋە تىبابەتچىلىك بىلەن ئۆتكەن، شۇڭا ئالىمنىڭ جەسىتىنى بىز كۆھتامغا ئېلىپ كېتىپ قەبرە قاتۇرۇپ، شام چىرىغىنى ياندۇرۇپ دۇئا - تەكبىر قىلىپ تۇرىمىز دېيىشكەن. غوجائېرىقتىن كەلگەنلەر تەجەللىنىڭ 20 يىللىق ھاياتى بىزنىڭ



شورۇقتا ئۆتكەن، بىز ئېلىپ چىقىپ تەجەللى ئولتۇرغان ھويلىنىڭ بېغىغا دەپنە قىلىمىز دېيىشكەن. قاغىلىقتىكى ئۆلىمالار بازار ئىچىدىكى مەشھۇر زىيارەتگاھلىق ھورمۇز غوجامنىڭ مەقبەرىسى يېنىغا دەپنە قىلىمىز دەپ تالاش - تارتىش قىلىشقان. تەجەللىنىڭ چوڭ ئوغلى ئوبۇل ھۇداخۇن دادىسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا نەچچە ئون يىل ياشاپ تائەت - ئىبادەت قىلغان كاسكا مازارغا دەپنە قىلىنىشنى، سېغىنغانلار كېلىپ دۇئا - تەكبىر قىلىپ تۇرۇشنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن تەجەللى كاسكا مازىرىغا دەپنە قىلىنغان. ئوبۇل ھۇداخۇن بىلەن يۇرت كاتتىلىرىنىڭ تەشەببۇسى ۋە خىراجىتى بىلەن زىيارەتگاھ

www.uyghurkitap.com

ياسىلىپ قەبرە ياغاچ پەنجىرىلىك ئايۋان ئىچىگە ئېلىنغان، قەبرىنىڭ يېنىغا ئۈچ ئېغىز ھۇجرا، بىر ئېغىز قىرائەتخانا سېلىنغان. قىرائەتخانىغا تەجەللى يازغان كىتابلار ۋە «خوجاھاپىز»، «بوستان»، «گۇلىستان»، «ئىلمىي مەنتىق»، «خەمسە ناۋايى»، «ھۇۋەيدا»، «مۇشكات شېرىف»، «سىيەر شېرىف»، «دىۋان مەشرەپ»، «تىببىي ئەكبەر»، «دەستۇرۇل ئىلاج»، نىزارى داستانلىرى قاتارلىق مەشھۇر كىتابلار قويۇلغان. تەجەللىنىڭ شاگىرتلىرى، ئىلىم



تەلەپ قىلغۇچىلار قىرائەتخانىغا دائىم كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئالىمغا بولغان ھۆرمەت ئېتىقادىنى بىلدۈرۈپ، دۇئا ـ تەگبىر قىلىپ تۇرغان. ئارىدىن ئازكەم يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئۆتۈپ، 1960 ـ يىلى ئالىمنىڭ قەبرىسىنىڭ پەنجىرىلىرى بۇزۇلۇپ، ياغاچلىرى كوللىكتىپ ئاشخانىسىنىڭ ئوچاقلىرىغا قالانغان. ھۇجرا، قىرائەتخانىلار چېقىلىپ، ياغاچلىرى كەنتكە كالا ئېغىلى يېپىشقا ئىشلىتىلگەن. كېيىنكى ئىنقىلابلاردا ئالىمنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىش چەكلەنگەنلىكتىن، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياش بوغۇنلار تەجەللىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى بىلىشتىن مەھرۇم قالغان. 1980 ـ يىللىرى تەجەللىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ھايات پائالىيەتلىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. 1984 ـ يىلى قاغىلىقتا ئۆزبېك خەلقىنىڭ پەخرىلىك يازغۇچىسى شۇكۇر يالقۇن كەلدى. ئۇ يۇرەكلىك بىلەن تەجەللىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىغا تونۇتتى ۋە ھۆكۈمەتكە تەجەللىنىڭ مەقبەرىسىنى ياساش، ئەسەرلىرىنى تېپىپ رەتلەش، ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىنى پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. بۇ تەكلىپنى ئەينى ۋاقىتتىكى ۋىلايەتلىك مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئەيسا شاكىر ۋە ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى يۈك ئەنجاڭ قىزغىن قوللىدى. بۇنىڭ بىلەن تەجەللى ئەسەرلىرىنى يىغىپ رەتلەش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. تەجەللىنىڭ ئەۋلادلىرى شەھەر نوپۇسىغا ئېلىنىپ، جەمئىيەتتە تېگىشلىك ئىمتىياز ۋە ئورۇنغا ئىگە قىلىندى. تەجەللى مەقبەرىسىنى ياساشقا ناھىيە رەھبەرلىرىنى ئاساس قىلىپ ئىئانە توپلاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى جەمئىيىتىدىن ئابدۇراخمان قۇددۇس، ئۆزبېك زىيالىي ھەبىبۇللا نۇرلار قۇرۇلۇشنىڭ نۇسخا لايىھەسىنى تېپىش، قۇرۇلۇش قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى. ئۇلار ۋىلايەتكە بېرىپ مۇئاۋىن ۋالىي ئەيسا شاكىر بىلەن كۆرۈشتى. ۋالىي قۇرۇلۇش نۇسخىسى ۋە مەبلەغ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتۈردى. باشقارمىدىكىلەر قۇرۇلۇشنىڭ لايىھەسىنى كۆرسىتىپ بېرىشتى. ئەمما مەبلەغ مەسىلىسىگە كەلگەندە بۇ يىل كەلگەن مەبلەغنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ

مەقبەرىسىنى ياساشقا ئاجرىتىپ بېرىپتىمىز، تەجەللىنىڭ مەقبەرىسىنى ياساشنى بۇ يىل يوللاپ، كېلەر يىلى مەبلەغ كەلسە ئاجرىتىپ بېرەيلى، دېگەن ۋەدىنى بېرىشتى. ۋالىي ئەيسا شاكىر ئىككەيلەنگە: ھەر نېمە بولسا قۇرۇلۇشنىڭ نۇسخا لايىھىسى بار بولدى، ھازىر ھۆكۈمەت ۋە ئاممىنىڭ قىزغىنلىقى يۇقىرى، پۇل كېلىشنى كۈتۈپ تۇرماي بۇ يىل دەرھال ئىش باشلاڭلار، يىغىلغان مەبلەغدە پۈتمەي قالسا يۇقىرىنىڭ ياردىمىنى شۇ ۋاقىتتا تەلەپ قىلساق بولىدۇ، دېدى. ئىئانە توپلاش گۇرۇپپىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ناھىيىدىكى يېزا - بازار، ئىدارە - ئورگان ۋە سودا - سانائەتچىلەر سەپەرۋەر قىلىندى. تەجەللىنىڭ قەبرىگاھى يېتىملىقۇم يېزىسىدا بولغاچقا، يېتىملىقۇم يېزىسى 25 مىڭ يۈەن چىقاردى. كاسكا كەنتى ئەينى ۋاقىتتا مازارنى ئېچىپ ياغاچلىرىنى ئىشلىتىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، قۇرۇلۇشقا كېتىدىغان ياغاچنى ئۈستىگە ئالدى. بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىئانە توپلاندى. ئورۇن تۈزلىنىپ قۇرۇلۇش باشلاندى. ھەر ساھە ئاممىسى كېلىپ خالىسانە ئىشلەپ مەقبەرىنىڭ تېزدىن پۈتۈشىگە كۈچ چىقاردى. تەجەللى مەقبەرىسى لايىھىگە ئاساسەن ئىشلىنىپ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر، يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى بىر يېرىم مېتىر قىلىپ ياسىلىپ گەجدە سۇۋاپ نەقىشلەندى. قەبرە ئەتراپىغا ئۇزۇنلۇقى ئالتە مېتىر، كەڭلىكى تۆت مېتىر، ياغاچ پەنجىرىلىك ئايۋان ياسالدى. ئايۋان ئەتراپى ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر دائىرىدە قورۇ ئىچىگە ئېلىندى. قورۇ دەرۋازىسىنىڭ بېشى سەككىز مېتىر ئېگىزلىكتە مۇنار گۈمبەزلىك قىلىپ ياسالدى. ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ




زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى بىلەن قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يۇقىرى نامايەندىسى بىلەن لايىھىلەنگەن بۇ قۇرۇلۇش 1986 - يىلى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈردى. تەجەللى مەقبەرىسى 1992 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلىپ، تەجەللىنىڭ نەۋرىلىرىدىن بىرى مەقبەرىگە قاراشقا قويۇلدى.

تەجەللى مەقبەرىسى ئۆزىنىڭ يارقىن سىماسى ۋە تارىخىي قىممىتى بىلەن 2007 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى.

تەھرىرلىگۈچى: مەرھابا شاۋۇدۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ بېسىلىش جەريانى

پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى

*(شىنجاڭ «شىنخۇا» باسما زاۋۇتىدىن)*

ۋەتىنىمىزنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، تىلشۇناس، مۇتەپەككۇر مەھمۇت قەشقەرى مىلادىيە 1075 ـ يىللىرى ئۆلمەس بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىپ قالدۇردى. ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە 900 يىل بولدى. مۇشۇ 900 يىل جەريانىدا ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى بۇ تەۋەررۇك ئەسەرنى ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ، فاكسىمىل باسمىسى، تاش مەتبەئە باسمىسى، مىخ مەتبەئە باسمىسىدا نەشر قىلىپ تارقاتتى ۋە ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلدى.

ئەينى چاغدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك ئەسەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىش ئىشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ۋە يېتەرلىك مەبلەغ ئاجراتتى، شۇنىڭدەك بۇ مۈشكۈل ھەم شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئاتاقلىق تىلشۇناس، ئالىم، تەتقىقاتچىلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلىدى. ئۇلار دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق 11 مۇتەخەسسىس، ئالىم 1980 ـ يىللاردا بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى تاماملاپ، مەزكۇر ئەسەرنى نەشرگە سۇندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بۇ بۈيۈك ئەسەرنى بېسىش ۋەزىپىسىنى شىنجاڭ «شىنخۇا» 1 ـ باسما زاۋۇتىغا سىياسىي ۋەزىپە قاتارىدا تاپشۇردى. باسما زاۋۇتىمۇ بۇ ئىشقا ئىنتايىن جىددىي قاراپ ھەر جەھەتتىن ياخشى شارائىت ھازىرلىدى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بۇ تەۋەررۇك ئەسەرنىڭ نەشرىدىن تېز، سۈپەتلىك چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەزكۇر ئەسەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەشكە قاتناشقان مەرھۇم

خەلىم سالىخ ئەپەندىنى باسما ئىشلىرىغا باشتىن - ئاخىر مەسئۇل قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى نەشرىيات ۋە باسما زاۋۇتىغا دۆلىتىمىزنىڭ مەتبۇئات فاڭجېنى — سىياسىۋىيلىك، جىددىيلىك، سەنئەتچانلىق، ۋاقىتچانلىق، مۆلزىمەتچانلىق بويىچە ئىش كۆرۈش توغرىسىدا قاتتىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.



1. تۈركىي تىللار دىۋانىغا تەييارلانغان ئانا قېلىپ (خەت نۇسخىسى)



2. تۈركىي تىللار دىۋانىغا تەييارلانغان فوتو- نىگاتىپ نۇسخىسى



3. تۈركىي تىللار دىۋانىغا تەييارلانغان سىنك بەت قېلىپى



4. دىئاكرىتىك بەلگىلەر بىلەن خەت قوشۇلغان فوتو- نىگاتىپ نۇسخىسى



5. دىئاكرىتىك بەلگىلەر (فوتو- نىگاتىپ نۇسخىسى)

باسما زاۋۇتى رەھبەرلىرى يۇقىرىدىكى تەلەپلەر ئاساسىدا ھەرپ تىزىشتىن تارتىپ بېسىش، كېسىش، تۈپلەشكىچە بولغان ھالقىلارغا دائىر ئىشلارنى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇردى ۋە پۇختا تەييارلىق كۆرۈش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى. بىز مۇشۇ تەلەپكە ئاساسەن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلىدۇق.

ئەينى چاغدا زاۋۇتىمىزدا ئەرەب يېزىقىدىكى ھەرپلەر بولمىغاچقا، بېيجىڭ چەت ئەل تىلى نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدىن ئەرەب يېزىقىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئانا قېلىپى (خەت نۇسخىسى)نى ئېلىپ كېلىپ سۈرەتكە تارتىپ، نىگاتىپ چىقىرىپ سىنك بەت تەييارلىدۇق، ئاندىن مىس قېلىپ ياساپ ئەرەبچە قوغۇشۇن ھەرپ تەييارلىدۇق، قويۇلغان ھەرپلەرنىڭ ئىشلىتىشكە چىداشلىقلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن سىنك، قەلەي، قوغۇشۇندىن ئىبارەت بىرىكمە قوغۇشۇن تەركىبىنى ياخشىلىدۇق. بۇنىڭدىن باشقا خەلقئارا ترانسكرىپسىيە ھەرپلىرى ۋە ئىنگلىزچە باسمىچە، يازمىچە ھەرپلەرنى تەييارلىدۇق. ھەرپ تىزىشقا ئەرەبچە خەت تونۇيدىغان نابورچىكلارنى، كوررېكتورلۇق كەسپىگە پىشقان، مەسئۇلىيەتچان كوررېكتورلارنى ئورۇنلاشتۇردۇق.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تىزىش ئۈچۈن 30 - يىللاردىكى چاغاتاي يېزىقىدىكى ھەرپ كاسسىسى ئىشلىتىلدى، بۇ كاسسا 147 كاتەكلىك بولۇپ، ئەرەب يېزىقىدىكى دىئاكرىتىك بەلگىلەر بىلەن قوشۇلغان ‹أ، آ، إ، ـأ ، ـا ، لآ، آ› ھەرپلەر قوشۇلۇپ ئومۇمىي ھەرپ 200دىن ئېشىپ كەتتى، ھەرپلەر كاسسا كاتەكلىرىگە سىغمىغاچقا، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 35 تاق ھەرپنى كاسسىدىن ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرەبچە ‹ص ـ ض ـ ط ث ›

www.uyghurkitap.com

قاتارلىق 35 ھەرپنى قاچىلىدۇق، دىئاكرىتىك بەلگىلەر كاسسا ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بۇ ئۈچ تومغا 24 ـ، 20 ـ، 16 ـ، 12 ـ، 8 ـ نومۇرلۇق ھەرپلەر ئىشلىتىلدى. ئەرەبچە بىلەن ترانسكرىپسىيە ھەرپلىرى ئۈچۈن 14 ـ، 12 ـ، 10 ـ نومۇرلۇق ھەرپلەر ئىشلىتىلدى. دىئاكرىتىك بەلگىلەر (ـَ ـً ـٌ ـ ُ ~) ئەرەبچە ھەرپنىڭ ئاستى ـ ئۈستىگە قويۇلىدىغان بولغاچقا، قوغۇشۇن ھەرپنىڭ ئەڭ كىچىك 7 ـ نومۇرلۇق ھەرپىدە قويۇلدى. بۇ قوغۇشۇن ھەرپلەرنىڭ نومۇرى ياۋروپا خەت ئۆلچىمىدىكى نومۇرلار بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېزىقلىرىغىمۇ مۇشۇ نام قويۇلدى.

رەسىمدە كۆرسىتىلگەن ھەرپ ۋە بەلگىلەر 300دىن ئاشىدۇ، بۇ ھەرپ ۋە بەلگىلەر مۇشۇ ئۇسۇلدا سۈرەتكە تارتىلىپ، سىنىك بەت ئىشلەندى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئىشلەش جەريانىدا ئەرەبچە ھەرپلەر، ترانسكرىپسىيە ھەرپلىرى، ئۇيغۇرچە ھەرپلەر تەڭ قوللىنىلغانلىقى، بۇنداق كىتابنى بىز تۇنجى قېتىم ئىشلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، تېخنىكا جەھەتتە خېلى قىينالدۇق.



*1980 ـ يىلى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نغا ئىشلىتىلگەن ھەرپ كاسسىسى*

قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە، دېگەن روھ بىلەن ئىزدىنىپ كۆپ ئەجىر سىڭدۈردۇق. ئۈچ قىسىملىق بۇ كىتابنى تىزىشقا تۆت توننا 625 كىلوگرام قوغۇشۇن كەتتى، 1890 بەت تەييارلاندى. مۇشۇ بەتلەرنى نابورچىكلار، بەت خاتاسىنى ئوڭشىغۇچىلار كۈنگە نەچچە رەت ئورنىدىن يۆتكەشكە توغرا كەلدى. كىتابنىڭ پارچە كوررېكتورلۇقى ئۈچ قېتىم، بەت كوررېكتورلۇقى ئۈچ قېتىم، نەشرىياتتا ئاخىرقى كوررېكتورلۇق ئۈچ قېتىم كۆرۈلگەچكە، قوغۇشۇن بەتلەرنى ئورنىدىن يۆتكەش ناھايىتى جاپالىق ئىش ئىدى. ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن دېگەندەك، ئاخىرىدا بۇ ئۈچ توملۇق بۈيۈك ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مەتبەئەدىن چىقاردۇق.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن باشقا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تۈزگەن

«خەنزۇچە ـ ئەرەبچە لۇغەت»نى تىزىش جەريانىدىمۇ يەنىلا 30 ـ يىللاردا ئىشلىتىلگەن چاغاتاي يېزىقىدىكى ھەرپ كاسىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندۇق.

مەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تىزىشتىن تارتىپ بېسىشقىچە بولغان بارلىق ئىش ھالقىلىرىغا قاتناشتىم. بۇ ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنغىنىغا 27 يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ كىتابنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەش ۋە تىزىش، بېسىشقا ئەجىر سىڭدۈرگەن پېشقەدەم مۇھەررىر ۋە مەتبەئە خادىملىرىنى ياد ئەتمەي تۇرالمىدىم. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھازىر بىز بىلەن مەڭگۈ خوشلاشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەجرى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان بۈيۈك ئەسەر ـ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىباھا گۆھەر سۈپىتىدە ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە چاقناپ تۇرماقتا.

ئەينى چاغدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەنگەن نۇسخىسىنى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشتە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان، مەتبەئە ئىشچىلىرى بىلەن سىرداش، مەسلەكداش، قەلبداش بولۇپ ئۆتكەن مەرھۇم خەلىم سالىخ ئەپەندىنى چوڭقۇر ياد ئېتىمەن. خەلىم سالىخ كەسىپتە پىششقان، مەسئۇلىيەتچان، خىزمەتتە ئەستايىدىل، كەمتەر، سەمىمىي كىشى ئىدى. ئۇ مەتبەئە ئىشچىلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، تۆۋەندىكى شېئىرى ئارقىلىق ئۇلارغا مەدھىيە ئوقۇغان:

### نابورچىك قىزغا

قەتىرىلەر توپلىنىپ دېڭىز بولغاندەك،
ھەرپلەر تىزىلىپ بولىدۇ كىتاب.
قوللىرىڭ ئويناپدۇ، ئەي نابورچىك قىز،
ھەرپلەر كاسىسى ئالدىدا شۇتاپ.

بۈگۈنمۇ ئىشىڭنى تۈگەتتىڭ مانا،
ئەجرىڭنىڭ مېۋىسى پىشىدۇ ئەتە.
كەلگۈسى ئىشلارنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇسى،
لاۋۇلداپ كۆكسۈڭدە يانار ئەلۋەتتە.

خەلىم سالىخ
1980 ـ يىلى

مەن ئىپتىخارلىق ئىچىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەش يولىدا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن پېشقەدەم ئالىم، تىلشۇناسلاردىن ئىبراھىم مۇتئىي، ئىمىن تۇرسۇنلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئائىلىسىگە بەخت تىلەيمەن. بىزدىن مەڭگۈ ئايرىلغان ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، خەلىم سالىخ قاتارلىق مەرھۇملارنى چوڭقۇر ياد ئېتىمەن.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرۇپ ئېلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# لۇكچۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى توي ئادىتى ۋە توي ناخشا-مۇزىكىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئەكرەم ھەسەن

*(تۇرپان ۋىلايەتلىك تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)*

لۇكچۇن ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي يۇرت بولۇپ، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى ياراتقان. لۇكچۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى توي ئادىتى ۋە توي ناخشا-مۇزىكىلىرى ئەنە شۇ بايلىقلارنىڭ بىر قىسمى. مەن بۇ ماقالىدە ئۆزۈم يېقىنقى يىللاردا توپلىغان ماتېرىياللىرىمغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىرى دەپ قارىلىدىغان لۇكچۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىلگىرىكى مىللىي ئۆرپ-ئادەت مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان توي ۋە توي ناخشا-مۇزىكىلىرىنىڭ ئەسلى ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

لۇكچۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر يۇرۇش توي ناخشا-مۇزىكىلىرى «بىدەت»(دەرد ۋە غەم-ئەندىشىدىن خالىي بولۇش دېگەن مەنىدە)، «يەل»، «تېرىق» قاتارلىق خەلق ناخشىلىرى ۋە «تۇرپان مۇقامى»، «مېلىس مەشرىپى»(مېلىس-يىغىلىش، توپلىشىش، جەم بولۇش دېگەن مەنىدە) قاتارلىق ناخشا-مۇزىكا، ئەلنەغمە، مەشرەپ شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇرۇن ئاساسەن پىچان ناھىيىسىنىڭ لۇكچۇن، دىغار، دالانكارىز، تۇيۇق يېزىلىرى، تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە، قاراغوجا يېزىلىرىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان،



جۇملىدىن لۈكچۈن بازىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ئەنئەنىۋى توي ئادىتى ۋە توي مۇراسىملىرى ناھايىتى مەزمۇنلۇق ۋە قىزغىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، بۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ:

رەسمىي توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن يىگىتنىڭ ئۆيىدە يىگىتنىڭ يېقىن ئەل-ئاغىنىلىرى يىغىلىپ تويىنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىدۇ. بۇ مەسلىھەت تويىنىڭ «پارىڭى» دېيىلىدۇ. بۇ خىل «پاراڭ» شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى «مەسلىھەت چاي»غا ئوخشاپ كېتىدۇ. تويىنىڭ ئالدىنقى كۈنى يىگىتنىڭ ئۆيىدە توي باشلاش مەشرىپى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ چاغدا تەكلىپ قىلىنغان ئەلنەغمىچىلەر ساتار، تەمبۇر، دۇتار، داپ قاتارلىق ئەنئەنىۋى سازلارنى تەڭكەش قىلىپ:

ئاي-ئاي يۈزى ئاي يۈزى،
تەپسەم ساندۇق ئاچىلۇرەي،
گۈل باشىمغا سانچىلۇرەي،
شۇ مېنىڭ خەستە كۆڭلۈم،
يارنى كۆرسە ئاچىلۇرەي.

ئاي-ئاي يۈزى ئاي يۈزى،
سۆزۈك سۇنى لاي قىلغان،
تاختا كۆرگەي توپاسى،
بىزنىڭ يارغا قاملاشقان،
تەيتۇللادا دوپپاسى.

دېگەندەك بېيىت-قوشاقلارنى توقۇپ، خەلق ناخشىسى «يەل»نى ئېيتىدۇ. ناخشا تېكىستىنىڭ باشقا مەزمۇنلىرىمۇ ئاساسەن ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان تويىنى تەبرىكلەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. توي باشلاش مۇراسىمى يىگىتنىڭ ئۆيىدە بىر مەھەل ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، يىگىتنىڭ ئۆيىدىن ئىككى مويسىپىت نان ۋە بىرقانچە كىيىملىك رەخت قاتارلىق سوۋغا-سالاملارنى تەييارلاپ يىگىت ۋە يىگىت قولدىشى، يىگىتنىڭ ئەل-ئاغىنىلىرىنى باشلاپ يول بويى ناغرا-سۇناي بىلەن «تۇرپان مۇقامى»نى چېلىپ، قىز تەرەپكە توي باشلاپ بارىدۇ. دەسلەپتە ناغرا-سۇنايىنى «تۇرپان مۇقامى»نىڭ ئۇسسۇل پەردىلىرىگە تەڭكەش قىلىپ چالىدۇ. بۇ چاغدا نۇرغۇن ئادەم خۇشال ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. مەشرەپ ئاخىرىغا كەلگەندە ناغرا-سۇناي تۇرپان خەلق ناخشىسى «نازىركوم»غا چېلىنىدۇ. بۇ چاغدا ناھايىتى ماھارەتلىك، قىزىقچى ئۇسسۇلچىلار جانلىق، قىزغىن ۋە يۇمۇرىستىك تۈس ئالغان ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن مەشرەپنىڭ كەيپىياتىنى ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ، تۈن يېرىم بولغاندا مەشرەپ ئاخىرلىشىدۇ.

رەسمىي توي كۈنى تاڭ سەھەردە يىگىت ئاتىسى، قولدىشى ۋە ئۆز مەھەللىسىدىكى ئىمام-مەزىنلەرنى باشلاپ قىز تەرەپكە نىكاھ ئوقۇتقىلى بارىدۇ. يىگىت ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە ناغرا-سۇنايچىلار ناغرا-سۇنايلىرىنى «تۇرپان مۇقامى»نىڭ مەرغۇللىرىغا چالىدۇ. ياڭراق ناغرا-سۇناي ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەتراپتىكى

www.uyghurkitap.com

مەھەللىلەردىكى كىشىلەر تويى بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە تويىنى مۇبارەكلەپ كېلىشكە باشلايدۇ. كۈن چۈش بولغاندا يىگىت تەرەپنىڭ ئادەملىرى قىز تەرەپكە توي كۆچۈرۈشكە ماڭىدۇ. ناغرا-سۇنايچىلار ناغرا-سۇنايلىرىنى يول بويى خەلق ناخشىسى «يەل»گە تەڭكەش قىلىپ چالىدۇ. كۆپچىلىك قىز تەرەپكە يېتىپ بارغاندىن كېيىن قىسقا ۋاقىت مەشرەپ بولىدۇ. توي داستىخىنى يىغىۋېتىلگەندىن كېيىن قۇدا بولۇشقان ئىككى ئائىلە كىشىلىرى ئۆزئارا ساندۇق ئېچىپ قىز-يىگىتنىڭ تويلۇق بۇيۇملىرىنى مېھمانلارغا كۆرسىتىدۇ، بۇ مۇراسىم «ساندۇق ئېچىش» دېيىلىدۇ. قورودا مەشرەپ داۋاملىشىدۇ. بۇ چاغدا يىگىت بېشىغا قىز تەييارلىغان دەستانى كىيىپ، بېلىگە قىزىل تاۋاردا پوتا باغلاپ قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قىز تەرەپ قوشنىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغان قىزلار ئارىسىغا كىرىپ، قىز بىلەن ئۆزئارا گۈل تەقدىم قىلىشىدۇ، ئاندىن ساز ۋە يېقىملىق ناخشا ساداسى ئىچىدە قىقاس-چۇقان سېلىشىپ، قىزنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كىرىدۇ. بۇ چاغدا ناغرا-سۇناي «شادىيانە»گە چېلىنىدۇ. قىز يىگىت تەرەپتىن كەلگەنلەر بىلەن بىللە ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىدۇ. سازچىلار خەلق ناخشىسى «بىدەت»نى ئورۇندايدۇ. قىزنىڭ ئاتىسى قىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەپ قىزنىڭ بېشىدىن سۈپۈر ۋە قۇرئاننى ئوڭ تەرەپتىن ئۈچ قېتىم ئۆرۈيدۇ ۋە ئايەت ئوقۇپ دۇئا قىلىدۇ، بۇ چاغدا ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز تەرەپتىكى توي كۆچۈرۈش رەسمىيەتلىرى ئاخىرلاشقان بولىدۇ. يىگىت تەرەپتىن توي كۆچۈرۈشكە كەلگەنلەر قىز تەرەپتىكى قۇدىلار بىلەن خوشلىشىپ قىزنى كۆچۈرۈپ قايتىدۇ. ناغرا-سۇنايچىلار خەلق ناخشىسى «تېرىق»نى ئورۇندايدۇ. توي كۆچۈرگۈچىلەر قىز تەرەپتىن چىقىپ قىز چوڭ بولغان مەھەللىدىن ئايرىلغىچە، قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوستلىرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىر پارچە رەختنى ئىككى تەرەپتىن تۇتۇپ بىر قانچە يەردە يولنى توسۇپ، توي كۆچۈرگۈچىلەردىن ئۇسسۇل ئويناپ بېرىش ياكى سوۋغا-سالام بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىش يەرلىك تىلدا «يوسۇن تۇتۇش» دېيىلىدۇ. توي كۆچۈرگۈچىلەر يىگىت تەرەپنىڭ مەھەللىسىگە كىرگەندىن كېيىن ئوخشاشلا يىگىت تەرەپنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوستلىرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ بىر قانچە يەردە يولنى توسۇپ «يوسۇن تۇتۇپ»، توي كۆچۈرگۈچىلەردىن ئۇسسۇل ئويناپ بېرىش ياكى سوۋغا-سالام بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ چاغدا ناغرا-سۇنايچىلار ناغرا-سۇنايلىرىنى «شادىيانە»گە چالىدۇ. توي كۆچۈرگۈچىلەر يىگىتنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە بۇ ئىككى ياشنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەپ قىز ئولتۇرغان ھارۋىنى ئوت ئۈستىدىن ئۆتكۈزىدۇ (ئىلگىرى توي كۆچۈرۈشتە كىچىك ماشىنا ئورنىدا يىگىلو

ھارۋا ئىشلىتىلگەن). قىز ھارۋىدىن چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن باشقىلار قىزنى گىلەمدە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆت دۆۋىسى ئۈستىدىن ئۈچ قېتىم چۆرگىلىتىدۇ. يىگىت تەرەپنىڭ قورۇسىدا كۈتۈپ تۇرغان سازەندىلەر خەلق ناخشىسى «تېرىق»نى ئېيتىدۇ. بۇ ناخشىنىڭ تېكىستى ئاساسەن قىز ـ يىگىتنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىنى بېقىپ قاتارغا قوشقان ئەجرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىغا ئائىت مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. قىز ـ يىگىت چەكسىز ئىپتىخارلىق ۋە ھاياجانلىق تۇيغۇسى ئىچىدە سازەندىلەرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ سالاملىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز يۈزتكەش تولۇق ئاخىرلىشىپ، سازەندىلەرمۇ ناخشىسىنى تاماملايدۇ.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن قىز تەرەپتىن قۇدىلار كېلىدۇ. بۇ چاغدا ناغرا ـ سۇنايچىلار ناغرا ـ سۇنايلىرىنى «شادىيانە»گە چالىدۇ. قىز قولدىشى ۋە دوستلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قۇدىلارنىڭ ئالدىغا سالامغا چىقىدۇ. شۇ كۈنى كەچتە يىگىتنىڭ ئۆيىدە رەسمىي توي مەشرىپى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ناخشا ـ مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئىككى تەرەپ قۇدىلىرى ئۆزئارا بېيىت ئېيتىشىدۇ. تۈن يېرىم بولغاندا توي مەشرىپى ئاخىرلىشىپ، قىز قولدىشى ۋە يېقىن دوستلىرى بىلەن ئۆز ھۇجرىسىدا، يىگىت دوستلىرىنىڭ ئۆيىدە قونىدۇ.

تويىنىڭ 2 ـ كۈنى يىگىتنىڭ ئۆيىدە «مېلىس مەشرىپى» ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ چاغدا سازەندىلەر خەلق ناخشىسى «مېلىس»نى ئورۇندايدۇ. مەشرەپتە ئىككى تەرەپتىن كەلگەن ياش قىز ـ يىگىتلەر جۈپ ـ جۈپ بولۇشۇپ پوتا ئۇسسۇلى ئوينايدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن يىگىت تەرەپتىن بىرەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قىزلاردىن بىرەيلەننى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەگەر قىز تەكلىپنى ماقۇل كۆرسە ئورنىدىن تۇرۇپ يىگىتنىڭ سول تەرىپىنى بويلاپ ئۈچ قېتىم ئايلىنىدۇ، يىگىتمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۈچ قېتىم ئايلىنىدۇ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە سالام بېرىشىپ بولغاندا يىگىت پوتىنى قىزغا سۇنىدۇ، قىز پوتىنى ئالغاندىن كېيىن ئۆزىگە باشقا جۈرە ئىزدەيدۇ، پوتا ئايلىنىپ ئۇسسۇلغا ماھىر قىز ـ يىگىتلەرنىڭ قولىغا يەتكەندە ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ. «مېلىس مەشرىپى»نىڭ بۇ قائىدىلىرى قومۇل مەشرەپلىرىنىڭكىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ. مەشرەپ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قىز ـ يىگىتنىڭ قولداشلىرى ئۇلارنى ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىدۇ. بۇ چاغدا تۈن يېرىملىشىپ توي ئاخىرلىشىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى ئىلى دوتىيى تۇرداخۇنباي

مەسئۇد خالىت

*(شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدىن)*

«تۇرداخۇنباي» دېگەن بۇ ئىسىم ئىلى هازىرقى زامان تارىخىدىكى 1930-يىلىدىن 1936-يىلىغىچە بولغان ۋەقەلەردە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ كىشى «ئاپرېل ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن ئىلىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىن چىققان تۇنجى دوتەي. ئۇ دوتەي بولغان يىللاردا خەلق ئۈچۈن بەزى پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ، هەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدىن خېلى چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. 1937-يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن شىنجاڭدىكى نۇرغۇن مۆتىۋەرلەر، ئوقۇمۇشلۇق ئەربابلار ۋە دۆلەتمەن كىشىلەر قاتارىدا قولغا ئېلىنغان. ياندۇرقى يىلى شىڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىلىرىنىڭ بىرىدە قەتلى قىلىنغان.

مەن بۇ زاتنىڭ هاياتلىق سەپىرىدىكى ئىش-پائالىيەتلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى خېلى بۇرۇنلا كۆڭلۈمگە پۈككەن. تەپسىلي ۋە ئىشەنچلىك ماتېرىيال تېپىش يولىدا تىرىشۋاتقان ۋە مۈشكۈلاتلارغا ئۇچراۋاتقان كۈنلەردە تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ، مەرهۇم تۇرداخۇنباينىڭ ئىنىسى قۇربانتاي قارىمنىڭ ئىككىنچى قىزى، قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەهىرىدە ئولتۇرۇشلۇق 85 ياشلىق خانقىز هەدە بىلەن دىدارلىششقا مۇيەسسەر بولدۇم. ئۇ ياشنىپ قالغان بولسىمۇ خاتىرىسى ناهايىتى ياخشى ئىكەن. 70 يىل بۇرۇنقى ئىشلارنى خۇددى تۈنۈگۈنكى ئىشلاردەكلا ساقلىغان بۇ موماي مېنى خېلى مۇهىم تەپسىلاتلار بىلەن تەمىنلىدى. مەرهۇمنىڭ نەۋرىسى، ئۈرۈمچىدە ئولتۇرۇشلۇق 80 ياشلاردىكى ئادالەتخان هەدىمۇ ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ ماقالەمنى يېڭى مەزمۇن بىلەن تەمىنلىدى. غۇلجىدا



ئۇلتۇرۇشلۇق 85 ياشلاردىكى ئوغۇزخان ھاجىم قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرىمۇ تۇرداخۇنباي توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. قۇربانتاي قارىمنىڭ 3 ـ قىزى، 70 ياشلارغا كىرىپ قالغان مۆتىۋەر ئالماسبېكۇۋانىڭ بېشكەكتىن تۇرداخۇنباي توغرىلىق رۇسچە ئەۋەتكەن ماتېرىيالى مەرھۇمنىڭ دەسلەپكى ھاياتى توغرىسىدا تېخىمۇ ئىشەنچلىك مەزمۇن ئېلىپ كەلدى.


تۇرداخۇنباي

ھالبۇكى، ماتېرىياللىرىم ئاساسەن ئاغزاكى سۆھبەتلەردىن كەلگەن بولغاچقا، بەزى ۋەقەلەرنىڭ ئېنىق ۋاقتىنى بىلگىلى بولمىدى، شۇڭا ئاز سانلىق مەلۇماتلار تەخمىنىي ئىپادىلەندى. مەن مەزمۇننى ئەتراپلىقراق، چۈشىنىشلىكرەك بايان قىلىش مەقسىتىدە ماقالەمنى بىر دەۋر ئالدىغا سۈرۈپ، تۇرداخۇنباينىڭ دادىسى قەشقەرلىك ئالماسبېك ھاجىنىڭ ھاياتىغا دائىر يۈزەكى مەلۇماتلاردىن باشلاشنى لايىق تاپتىم.

ئالماسبېك ھاجى تەخمىنەن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەرنىڭ قوغان يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن، بۇ زاتنىڭ تۆمۈربېك، پولاتبېك دېگەن ئانا باشقا ئاكىلىرى ھەمدە تۇردىخېنىم ئىسىملىك بىر تۇغقان سىڭلىسى بولغان. ئالماسبېك كىچىكىدىنلا ئىش بىلىدىغان چېۋەر بالا ئىدى، ئۇ چوڭ بولۇپ يىگىتلىك يېشىغا يەتكەندىن كېيىن يۇرت كۆرۈش، چوڭ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىگە سەپەر قىلغان. تەقدىر ـ قىسمەت ئۇنى قىرغىزىستاننىڭ توقماق دېگەن يېرىگە ئېلىپ كەلگەن. ياش ئالماسبېك بۇ يەردە تىرىشىپ ئىشلەپ ئەقىللىقلىقى، ئىشتا ئەپچىللىكى بىلەن تېزلا كۆزگە كۆرۈنگەن. تەخمىنەن 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى بىر قىرغىز باي كاتتا قورۇ ـ جاي سالدۇرماقچى بولۇپ ئالماسبېكنى ئىش باشقۇرغۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان، ئالماسبېكنىڭ ماھىرلىق بىلەن ئىش باشقۇرۇشىدا بۇ قورۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا چىرايلىق قەد كۆتۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن بۇ قىرغىز باي ئەقىللىق، ئىشچان ئالماسبېكنى كۈيئوغۇل قىلىۋالغان.

ئالماسبېك قىرغىز بايغا كۈيئوغۇل بولغاندىن كېيىن توقماققا يەرلىشىپ قالغان. ئۇ تېخىمۇ ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرگەن. تەخمىنەن 1878 ـ يىلى ئۇنىڭ تۇنجى پەرزەنتى تۇرداخۇنباي دۇنياغا كەلگەن①، كېيىن يەنە قۇربانتاي ئىسىملىك بىر ئوغۇل، تاشخان ئىسىملىك بىر قىز پەرزەنت كۆرگەن.

ئالماسبېك توقماقتا كۆپرەك ئاتچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇ يېتىشتۈرگەن بەيگە ئاتلىرى يىراق ـ يېقىنغا داڭلىق ئىدى، ئۇ

روناق تېپىپ توقماقتا دۆلەتمەن كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئالماسبېك تەخمىنەن 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەندىن كېيىن جامائەت ئارىسىدا ئالماسبېك ھاجىم دەپ ئاتىلىپ تېخىمۇ ئابرۇيلۇق بولغان.

ئەقىللىق، تىرىشچان ئاتىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا چوڭ بولغان تۇرداخۇنباي ئاتا ئىزىدىن مېڭىپ چېۋەر يىگىت بولۇپ يېتىشىپ چىققان، ئۇ ياش تۇرۇپلا يۇرت مۆتىۋەرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. كۆپچىلىك ئۇنى ئىززەتلىگەن، بىرەر ئىشقا يولۇقسا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغان.

تۇرداخۇنباي ئاتىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئاتچىلىق كەسپىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزگەچكە، ئۇنىڭ داڭقى يۇرت ئاتلاپ خېلى يىراقلارغا تارالغان. يېقىنقى يىللاردا قىرغىزىستاندا رۇسچە نەشر قىلىنغان مەلۇم بىر گېزىتتىكى خارىبىلىرووۋ دېگەن كىشى يازغان بىر ماقالىدە تۇرداخۇنباي ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك مەزمۇن بايان قىلىنغان:

«... بىزنىڭ شەھىرىمىزدە بىر باي ئادەم ياشىغانىدى، كىشىلەر ئۇنى تۇرداخۇنباي ئالماسبېك دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ بايلىقى ھەرگىزمۇ ئاسماندىن چۈشمىگەن. ئۇ ئەجدادلىرىنىڭ ئات بېقىش تېخنىكىسىغا ۋارىسلىق قىلغان. قىسقىسى ئۇ بىر ئات يېتىشتۈرۈش مۇتەخەسسىسى ئىدى، ئۇ يېتىشتۈرگەن بەيگە ئاتلىرى كاتتا كۆرگەزمىلەردە، يەرمەنكىلەردە ئالتۇن بىلەن مۇكاپاتلىناتتى. بۇ ئاتلار ھەرقانداق بەيگىلەردە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى تۇرداخۇنباينىڭ ئاتلىرىنى ياقتۇرۇپ سېتىۋالاتتى. تۇرداخۇنباي ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان باي بولۇپ، ئەتراپلىق تەربىيە كۆرگەن، جامائەت ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم ئىدى...»②

تۇرداخۇنباي ئات يېتىشتۈرۈش بىلەنلا قالماي، تېخنىكا مەكتىپى قۇرۇپ يەرلىكلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشكىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ 1910-يىلى توقماق شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىگە خېلىلا كاتتا كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى سالدۇرغان. بىرنەچچە كورپۇسلۇق بۇ مەكتەپ ئەينى چاغدا شەھەرنىڭ مەشھۇر جايلىرىدىن بولۇپ قالغان. بۇ مەكتەپنىڭ زامانىۋى ئات ئېغىللىرى، ئات سەيلە مەيدانلىرىمۇ بولغان.

تۇرداخۇنباي ئىنىسى قۇربانتاي، سىڭلىسى تاشخان بىلەن بىللە ياشىغان. بۇ بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئۆمۈر بويى ئىجىل-ئىناق ئۆتكەن، ئۇلار ئاتىسى ئالماسبېك ھاجىمدىن قالغان تەئەللۇقاتىنى ئورتاق پايدىلىنىپ، ئورتاق ئىگىلىك تىكلىگەن. ئىنىسى قۇربانتاي كىچىكىدىنلا دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئۇستا قارى بولۇپ يېتىشكەن. قىرائەتتە پۈتكۈل چۇ دالاسى بويىچە ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمىگەن. جامائەت ئۇنى قۇربانتاي قارىمى دەپ ئاتىغان. شۇغىنىسى، بۇ كىشى ياش ۋاقتىدا قولاق ئىغىرلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، موسكۋاغىچە بېرىپ داۋالىنىپمۇ شىپا تاپالماي ئۆمۈرلۈك گاس بولۇپ قالغان. شۇڭا كېيىنكى چاغلاردا غۇلجا جامائىتى قۇربانتاي قارىمىنى «پاك قارىم» دەپمۇ ئاتىغان. ئۇ 1954-يىلى غۇلجا شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتۈپ خەلپەم بۇزرۇكۇۋا قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

تۇرداخۇنباينىڭ سىڭلىسى تاشخان تولىمۇ چىرايلىق قىز بولۇپ، توقماقتا

ئالدىنقى قاتاردىكى گۈزەللەردىن ھېسابلىناتتى. بۇيىغا يەتكەندىن كېيىن ھاللىق ئائىلىنىڭ ئوغلى ۋەلىباي بىلەن توي قىلىپ پەرزەنتلىك بولغان. تاشخان ئۆز ئائىلىسى بىلەن بىللە 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا بېشكەككە قايتىپ كەتكەن، 80 ـ يىللاردا بېشكەكتە ۋاپات بولغان.

گېپىمىزگە كەلسەك، تۇرداخۇنباي ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى توقماق شەھىرىدە تېخىمۇ روناق تېپىپ، ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈپ، ھېسابسىز چارۋا ـ مالغا ئىگە بولغان، دېمەك، بۇ جەمەت ئەينى زاماندىكى تۈركىستان رايونى بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى دۆلەتمەنلەردىن بولۇپ قالغان.

تۇرداخۇنباي جەمەتى راسا گۈللەپ ياشناۋاتقان چاغلاردا روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ، ئىجتىمائىي تۈزۈلمىدە زور ئۆزگىرىش بولۇپ، بايلارنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن پۇلدار كىشىلەر چەت ئەللەرگە قېچىشقا مەجبۇر بولغان. تۇرداخۇنباي جەمەتىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىغان.

قىرغىزىستاندا رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغان ھېلىقى گېزىتتە تۇرداخۇنباي جەمەتىنىڭ شۇ دەۋردىكى ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنغان:

«شۇنداق قىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەر يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەزەربەيجان، كۇرد، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن چىققان بىگۇناھ ئادەملەر ئەيىبلەندى. ئۇلار خۇددى كەچكۈزدە چىققان بوران ـ چاپقۇندا تۆكۈلگەن يوپۇرماقلاردەك نامەلۇم تەرەپلەرگە ئۇچۇرۇپ تاشلاندى.

تۇرداخۇنباي 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى بوران ـ چاپقۇندىن ۋاقتىنچە ساقلىنىش ئۈچۈن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن ئايرىلىپ جۇڭگوغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى خادىملىرى ئۈچۈن ئىككى دۆلەتنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا توساقلىرى ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ئۇلار تۇرداخۇنباي ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى قۇربانتاي قارىمى قاتارلىق 30 نەچچە ئادەمنى خۇددى ھايۋاننى ھەيدىگەندەك ھەيدەپ سوۋېت چېگرىسى ئىچىگە قايتۇرۇپ كەلدى. يولدا ئۇلار بۆلەكچىلەرگە ئۇچراپ قالدى. بۆلەكچىلەر ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسىنى بۇلاپ كەتتى. ئىچ كىيىم بىلەنلا قالغان قاچقۇنلارنىڭ كۆپچىلىكى سوغۇق ۋە ئاچلىقتىن كېسەل بولۇپ ئۆلدى...»

يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، تۇرداخۇنباي ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى مالىمانچىلىقتىن قېچىپ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا كەتمەكچى بولىدۇ. ئۆمرى چارۋىچىلىق بىلەن ئۆتكەن، ھەرقانداق ئىشنى پۇختا قىلىپ ئادەتلەنگەن تۇرداخۇنباي قەيەرنىڭ چارۋىچىلىق قىلىشقا قۇلايلىق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شىنجاڭ تەۋەسىگە چارلىغۇچى ئەۋەتىدۇ. چارلىغۇچى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنى ئارىلىغاندىن كېيىن ئوتى ئەلۋەك، سۈيى مول شىمالىي شىنجاڭنىڭ بولۇپمۇ ئىلى رايونىنىڭ چارۋىچىلىق قىلىشقا قۇلايلىق ئىكەنلىكىنى تۇرداخۇنبايغا يەتكۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تۇرداخۇنباي، ئىنىسى قۇربانتاي قارىمى ۋە ئائىلىسىدىكى كارغا كېلىدىغان ئەرلەر ئىلى تەۋەسىگە ئالدىن

ئۆتمەكچى بولىدۇ. ئاياللار ۋە بالىلار كېيىنكى نۆۋەت بارىدىغان بولىدۇ. ئالدىن ماڭغان ئەرلەر جۇڭگو تەۋەسىگە ئۆتكەندىن كېيىن يۇقىرىدا دېيىلگەن قىسمەتكە دۇچ كېلىدۇ. ئۇلار شۇ قېتىمقى ۋەقەدىن بەكلا قورقۇپ كەتكەنمۇ ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى خادىملىرى ئۇلارنى شۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرغانمۇ بۇنىسى نامەلۇم، تۇرداخۇنباي ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى بۇ ۋەقەنى تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ھېچكىمگە تىنمايدۇ.

ئارىدىن ئاز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئائىلىدە قالغان ئاياللار ۋە بالىلار ئەسلىدىكى پىلان بويىچە قورغاس چېگرىسىدىن يوشۇرۇن ئۆتمەكچى بولۇپ يولغا چىقىدۇ، لېكىن چېگرىدىن ئۆتۈش جەريانىدا ئۇلار پېشكەللىككە يولۇقىدۇ. تۇرداخۇنباينىڭ ئىنىسى قۇربانتاي قارىمىنىڭ چوڭ قىزى تۇرسۇنئاي ھايات ۋاقتىدا بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن:

«كۆزگە نوقۇسا كۆرۈنمىگۈدەك قاراڭغۇ كېچە، مەخسۇس ياللانغان ئەتكەسچىلەرنىڭ يول باشلىشى بىلەن خىلۋەت چىغىر يوللارنى بېسىپ چېگرا تەرەپكە كېتىۋاتىمىز. ھەر بىرىمىز بىردىن ئاتقا مىنگەن، بالىلارنى چوڭلار مىنگەشتۈرۈۋالغان. چىڭراق تىنۇش چىقىرىشمۇ قورقۇنچلۇق. چېگرا قاراۋۇللىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساق نېمە بولىدىغانلىقىمىز ئۆزىمىزگە ئايان. يۈرەكزادىلىك بىلەن ئىلگىرىلەپ چېگرىغا يېقىنلاپمۇ قالدۇق، يىراقتىن زاستاۋانىڭ چىراغلىرى پىلدىرلاپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئېھتىمال بىرەر سائەتكە قالماي جۇڭگو زېمىنىدا بولۇشىمىز مۇمكىن. دەل شۇ چاغدا پاڭىلداپ ئوقلار ئېتىلىپ «پاستوي!» دەپ توۋلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئېسىمىزنى يىغىپ بولغۇچە بىر توپ قوراللىق چېگرىچىلارنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالدۇق.»

ئەسلىدە تۇرداخۇنباينىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ چېگرىدىن يوشۇرۇن ئۆتمەكچى بولغانلىقى ھەققىدە كىمدۇر بىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە مەلۇمات يەتكۈزگەنىكەن. نەتىجىدە چېگرىچىلار بۇ بىر توپ كىشىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىدىن بۇرۇنلا خەۋەردار بولغانىكەن.

چېگرىچىلار ئۇلارنى زاستاۋاغا ھەيدەپ ئاپىرىپ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ ھەممە نەرسىنى مۇسادىرە قىلغاندىن كېيىن زاستاۋا تۈرمىسىگە قاماپ قويىدۇ، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان يەركەنتلىك بايلار ئۇلارنى كېپىللىككە چىقىرىۋالىدۇ. يېنىدا سۇنۇق يارماقمۇ قالمىغان قاچقۇنلار يەركەنت شەھىرىدە ئىككى ئايغىچە نان يېقىپ سېتىپ كۈن كەچۈرىدۇ. شۇ كۈنلەردە سوۋېت چېگرىسى ئىچىدىن بىر ئاماللار بىلەن جۇڭگو تەۋەسىگە كېلىۋالغان تۇرداخۇنباي چېگرىدىن كىرىپ-چىقىپ يۈرىدىغان ئەتكەسچىلەرگە يۇقىرى ھەق بېرىپ، ئاياللار ۋە بالىلارنى جۇڭگو تەۋەسىگە ئۆتكۈزۈۋالىدۇ.

تۇرداخۇنباي مىڭبىر جاپالاردا غۇلجا شەھىرىگە ئورۇنلىشىپ، مال-چارۋىلىرىنى تېكەس يايلاقلىرىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇ غۇلجا شەھىرىدىكى مۆتىۋەرلەر، بايلار، دىنىي زاتلار بىلەن يېقىن ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە باشلايدۇ ۋە جامائەت ئارىسىدا بارا-بارا ئىناۋەت تىكلەيدۇ.

تۇرداخۇنباينىڭ ئىلىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋاقتى شىنجاڭغا جىن شۇرېن

ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا ۋەزىيەتتە زور داۋالغۇش بولىدۇ. قۇمۇلدىن باشلانغان سىياسىي بوران - چاپقۇن پۈتكۈل شىنجاڭنى قاپلايدۇ. تۇشمۇتۇشتىن پارتلىغان ئىسيان ۋە قوزغىلاڭلار جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. پۇرسەتپەرەس شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىدۇ. ئۇ ھوقۇق ئىگىلەش بىلەن مالىمانچىلىق تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. خوجانىياز ھاجى بىلەن «جىمىسار كېلىشىمى»نى ئىمزالاپ خاتىرجەم ئۆتمەكچى بولغان شېڭ شىسەي تېخىمۇ چوڭ غەۋغاغا دۇچ كېلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىن ما جۇڭيىڭ، ئۈرۈمچىدىن ياڭ زېڭشىن، ئىلى تەرەپتىن جاڭ پېيۈەن شېڭ شىسەيگە ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ، بولۇپمۇ ئىلىنىڭ دۇتۇڭى، گارنىزون قوماندانى جاڭ پېيۈەن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش نىيىتىدە ئىلى خەلقىگە غايەت زور ئالۋان - ياساق سېلىشقا باشلايدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە ئىلى خەلقى جاڭ پېيۈەنگە ئۇرۇش توختىتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلماقچى بولىدۇ. نەسىھەت قىلغۇچىلار ئارىسىدا تۇرداخۇنبايمۇ بار ئىدى. ئىلى مۆتىۋەرلىرىدىن 40 نەچچە كىشى ھاكىمبەگ خوجا باشچىلىقىدا ئىككى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كۈرەگە كېلىدۇ. ئۇلار ھەرقانچە نەسىھەت قىلىپمۇ جاڭ پېيۈەننى نىيىتىدىن ياندۇرالمايدۇ. ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، ھەممە يەرنى ئۇرۇش ئوتى قاپلايدۇ. جاڭ پېيۈەن قوشۇن تارتىپ شېڭ شىسەيگە قارشى ئاتلانماقچى بولىدۇ. دەل شۇ چاغدا شېڭ شىسەينىڭ ئىلتىماسى بىلەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى چېگرىدىن كىرىدۇ. جاڭ پېيۈەن قورقۇپ قاچىدۇ ۋە غۇلجا ناھىيىسىنىڭ مازار يېزىسىدا جېنىدىن جۇدا بولىدۇ.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن يالغاندىن تەرەققىيپەرۋەر بولۇۋېلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرگە ئۆيۈشما قۇرۇپ بېرىدۇ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنى ئۆستۈرىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ «شاپائىتى»دىن تۇرداخۇنبايمۇ بەھرىمەن بولۇپ، مۇۋەققەت دوتەيلىككە تەيىنلىنىدۇ.

«ئاپرېل ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن ئىلىنىڭ ئەڭ چوڭ ھەربىي ھوقۇقىنى شېڭ شىسەينىڭ قېيناتىسى، ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلدارى، ئىلى گارنىزونىنىڭ گېنېرال لېيتېنانت دەرىجىلىك قوماندانى چيۇ زوڭجۈن ئىگىلىۋالىدۇ. تۇرداخۇنباي مەمۇرىي جەھەتتە چيۇ زوڭجۈن بىلەن بىللە ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ، لېكىن ئەپيۇنكەش، پارىخور چيۇ زوڭجۈن تۇرداخۇنباينى ھەمىشە چەتكە قاقىدۇ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن توسقۇنلۇق قىلىدۇ. تۇرداخۇنباي ئېغىر بېسىم ئاستىدىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، ئىلىنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرىغا مۇئەييەن تۆھپىلەرنى قوشىدۇ. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ھەيدەكچىلىكى نەتىجىسىدە 1935 - يىلى ئىلى مىللەتلەر كۇلۇبى(كېيىنكى «ئۇقاق كۇلۇبى») سېلىنىدۇ. 1936 - يىلى نوۋېيگوردنىڭ③ ساي بويى ئالدىدىكى دوقمۇشىغا كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مىللەتلەر گىمنازىيىسى سېلىنىدۇ. 16 سىنىپلىق، لابوراتورىيە(تەجرىبىخانا)، قىرائەتخانا ۋە ئىشخانىلارغا ئىگە بۇ مەكتەپ شۇ يىلىدىن ئېتىبارەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ،

www.uyghurkitap.com

ئىلىنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشىدۇ. شۇ يىلى يەنە غۇلجا شەھرىدە ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە ئالتە قەۋەتلىك ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلىدۇ، بۇ قۇرۇلۇشلار گەرچە پاي قوشۇش④، ئىئانە توپلاش... قاتارلىق يوللار بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنى دوتەي تۇرداخۇنباينىڭ تەشكىللىشى ۋە قىسمەن مەبلەغ چىقىرىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، تۇرداخۇنباينىڭ يېتىم-يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش، ئۆي-ماكانسىزلارنى ئۆيلۈك قىلىش، نامراتلىق تۈپەيلى ئۆيلىنەلمىگەنلەرنى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىش يولىدا قىلغان خەيرلىك ئىشلىرى ناھايىتى نۇرغۇن. ئۇ يەنە ھەر يىلى ھېيت-ئايەملەردە غۇلجىدىكى يوقسۇل كىشىلەرنى ئالاھىدە يوقلاپ، ئۇلارغا تۇرلۇك لازىمەتلىكلەرنى تارقىتىپ بېرىدۇ. قۇربان ھېيت ھارپىسىدا تاغدىن قوي ئەكەلدۈرۈپ ئۇلارنى قۇربانلىق قوي بىلەن ھەقسىز تەمىنلەيدۇ.

ھالبۇكى، تۇرداخۇنباي ئىلىنىڭ دوتەيلىك ھوقۇقىنى ئاران تۆت يىل تۇتۇپ تۇرالىدى. 1937-يىلى پۈتكۈل شىنجاڭدىكى مۆتىۋەرلەر، بايلار، دۆلەتمەن كىشىلەر ئۈچۈن ئاپەتلىك بىر يىل بولدى. ھاكىمىيىتى ئۈچۈن تەھدىت ھېسابلانغان كىشىلەرنى قىرغىن قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئۆزگە بايلىق توپلاشنى مەقسەت قىلغان شېڭ شىسەي كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشنى يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت زاتلىرىنى تۈرمىگە تاشلىدى. بۇ مۇدھىش قۇيۇندىن تۇرداخۇنبايمۇ قۇتۇلۇپ قالالمىدى. ئۇ شۇ يىلى 9-ئاينىڭ 18-كۈنى يىغىنغا چاقىرىش نامى بىلەن قولغا ئېلىندى. ماقالىمىزنىڭ بېشىدا نامى تىلغا ئېلىنغان 85 ياشلىق خانقىز موماي شۇ قاباھەتلىك كۈنلەرنى مۇنداق ئەسلىدى:

«ھەر يىلقى ئادىتىمىز بويىچە شۇ يىلى ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا ياپلاققا چىقىپ كېتەتتۇق. چوڭ دادام(تۇرداخۇنباي) ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شەھەردە قالدى. ئاۋغۇستتا چوڭ دادامدىن ھەممىڭلار شەھەرگە قايتىڭلار دېگەن خەۋەر چىقتى. شەھەرگە قايتىپ كەلسەك ئۆيدە قالغانلار توي تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ، ئەسلىدە ئۈرۈمچىدىن خوجانىياز ھاجىنىڭ ئوغلى سەيدۇل شويى دېگەن كىشى كەلگەنىكەن. ئۇ كىشى ھاكىمبەگ خوجامنىڭ قىزى گۆھەر بانۇمنى ئالىمەن دەپ تۇرۇۋاپتۇ⑤. چوڭ دادام ھاكىمبەگ خوجامنىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە بارسا ئۇنىماپتۇ. ...، چيۇ سىلىڭلار نەسىھەت قىلىپ ئاران ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ. ئاز كۈن ئۆتمەي كاتتا توي بولدى. ئوغۇل تەرەپنىڭ تويى بىزنىڭ قورۇدا(تۇرداخۇنباينىڭ تېرەكمازار مەھەللىسىدىكى قورۇسىدا)، قىز تەرەپنىڭ تويى ھاكىمبەگ خوجامنىڭ قورۇسىدا ئۆتكۈزۈلدى. توي كۈنى چوڭ دادامنىڭ شىر كەيپ بولۇۋېلىپ مۇزىكانتلارغا قول شىلتىپ بۇيرۇق بېرىپ يۈرگىنى ئېسىمدە. تويدىن كېيىن بىرەر ئايمۇ ئۆتمىدىغۇ دەيمەن، بىر كۈنى چوڭ دادام يىغىنغا بارىمەن دەپ پىكاپقا ئولتۇرۇپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. نۇرغۇن قوراللىق ئەسكەر كېلىپ ئۆيىمىزنى ئاختۇرۇپ نۇرتاي ئاكام (تۇرداخۇنباينىڭ چوڭ ئوغلى) بىلەن ئەخمەت ئاكام (تۇرداخۇنباينىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى)نى تۇتۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئۇلارنى ئىككىنچىلەپ كۆرمىدۇق. شۇ قېتىم داداممۇ (قۇربانتاي قارىمى) قولغا ئېلىنغان، لېكىن غۇلجا باش ساقچىدا ئۈچ ئاي قامالغاندىن كېيىن قۇلىقى

ئاڭلىمايدىكەن، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن خەۋىرى يوق ئىكەن، دەپ قويۇۋەتكەن.»

تۇرداخۇنباينىڭ جۇڭگو زېمىنىدىكى بىردىنبىر نەۋرىسى، ئۇرۇمچى شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق ئادالەتخان ھەدە قولغا ئېلىنىش جەريانىنى مۇنداق بايان قىلىپ بەردى:

«بوۋامنى تۇتۇپ كەتكەندە مەن سەككىز ياشلاردا ئىدىم، شۇ كۈنى بوۋام شەڭگەنباغدىكى يىغىنغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلەپتۇ، يىغىندىن كېيىن شوپۇرى ئالمىبېككە بېغىررەڭ پىكاپنى ھەيدىتىپ قايتىپتۇ. پىكاپ قوماندانلىق شتابى(ھازىرقى شۆبە ھەربىي رايون)نىڭ ئالدىغا كەلگەندە نۇرغۇن قوراللىق ئەسكەر پىكاپنى قورشىۋېلىپ، بوۋامنى قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ كېتىپتۇ، قىرغىز شوپۇر ئالمىبېك ئۆيگە شۇنداق دەپ كەلگەن. شۇ كۈنى كېچىسى تۇنەك بولغاچقا، نۇرتاي ئاكام ئۇنچە ئاغىنىسىنى چاقىرىپ تۇنەك قىلغان. ئەل ياتقۇ مەزگىلىدە قوروغا قوراللىق ئەسكەرلەر تۇشۇپ كەتتى، ئۇلار نۇرتاي ئاكامنى قوماندانلىق شتابىغا چاقىرىپ ئەكەتتى. نۇرتاي ئاكامنىڭ ئاغىنىلىرىنى بىزنىڭ بىر ئېغىز ئۆيگە قاماپ چىقارماي قويدى. ئۇلار بىزنىڭ ئۆيگە بىر ھەپتىدەك سولىنىپ ئاندىن ئۆيىگە قايتقانىدى...»

شىڭ شىسەينىڭ ھىيلىگەر ئىشپىيونلىرى نۇرتاينى قولغا ئېلىشتا تېخىمۇ قۇۋلۇق ئىشلەتكەن. نۇرتاي ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئوخشاش ئات مۇتەخەسسىسى بولۇپ، ئادەتتە نەسىللىك ئاتلارنى گەزلەش(ئۆلچەش)، باھالاش، ئۆتكۈزۈۋېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. شۇ كۈنى كەچتە بىر چېرىك قوروغا يۇگۇرۇپ كىرگەن پېتى: «بايۋەچچە، ھەربىي ئاتلار كېلىپ قالدى، قوماندانلىق شتابىدىكىلەر سىزنى گەزلەپ بەرسۇن دەيدۇ» دەپ خەۋەر يەتكۈزگەن. نۇرتاي بۇ گەپكە ئىشىنىپ ئات گەزلەيدىغان مېتىرنى ئالغان ۋە كالاسكىغا ئولتۇرۇپ قوماندانلىق شتابىغا كەتكەن.

تۇرداخۇنباي ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن بۇلاڭچىلىق باشلانغان. چېرىكلەر پۇلغا يارايدىغانلىكى نەرسىلەرنى بۇلىغان. ئۆيدىكى نەرسىلەر تۈگىگەندىن كېيىن نۆۋەت ئېغىلدىكى نەسىللىك ئارغىماقلارغا كەلگەن. چېرىكلەرنىڭ قوپاللىقىدىن ئۈركىگەن ئاتلار چاپچىپ ماڭماي تۇرۇۋالغان. بىر چېرىك ئاتنى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرغان، تۇرداخۇنباينىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ئەخمەت: «بىز قەنت بېرىپ ئارزۇلاپ باققان ئاتلارنى پاينەك بىلەن ئۇراتتىڭمۇ» دەپ چېرىك بىلەن تاكاللاشقان. ئىككىسى بوغۇشۇپ كەتكەن، ئەخمەت غەزىپىگە پايلىماي چېرىكنىڭ چوققىسىدىكى بىر تۇتام چېچىنى يۇلۇۋالغان. غەزەپلەنگەن چېرىكلەر ئەخمەتنى قاتتىق كالتەكلىگەندىن كېيىن سۆرىگەن پېتى ئەكەتكەن، شۇنداق قىلىپ ئەخمەتمۇ دادىسى ۋە ئاكىسىغا ئوخشاش ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغان.

تۇرداخۇنباينىڭ تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان كەنجى ئوغلى ياقۇپبەگمۇ بالا ـ قازادىن ئامان قالمىغان. ئەينى چاغدا شىڭ شىسەينىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى تونۇپ يەتمىگەن سوۋېت ھۆكۈمىتى ياقۇپبەگنى خائىننىڭ بالىسى دەپ چېگرىدىن قوغلاپ چىقارغان. ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىسىنى ئەكىتىشىگىمۇ رۇخسەت قىلمىغان. ياقۇپبەگ ئايالى سارا(قازاق، ئاياللار كېسەللىكلىرى دوختۇرى) ۋە گۆدەك ئوغلى مۇراتتىن ئايرىلىپ، غۇلجىغا قايتىپ

www.uyghurkitap.com

كېلىشكە مەجبۇر بولغان.

روسىيە ۋە جۇڭگو زېمىنىدا نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ داڭق چىقارغان، ئىلىنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى 8 ـ نۆۋەتلىك دوتىيى، يەنە كېلىپ تۇنجى ئۇيغۇر دوتىيى تۇرداخۇنباي ئالماسبېكنىڭ ئەركىنلىكتىكى كۈنلىرى ئەنە شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ، ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىپ بىر يىلدىن كېيىنكى مەلۇم كېچىسى خوجانىياز باشلىق 108 مەھبۇس بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن باشقا، شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە قانداق قىسمەتلەرنى كەچۈرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا تۇرداخۇنباينىڭ سىڭلىسى تاشخان ۋە كەنجى ئوغلى ياقۇببەگ ئۈرۈمچىگە كېلىپ مەرھۇمنىڭ قەبرىسىنى ئىزدىگەن، لېكىن تاپالمىغان.

*ئىزاھلار:*

① تۇرداخۇننىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى قۇربانتاي قارىمى 1883 ـ يىلى تۇغۇلغان، غۇلجىلىق ئۇغۇزخان ھاجىنىڭ ئېيتىشىچە، تۇرداخۇنباي ئىنىسىدىن كۆپ بولغاندا بەش ياش پەرق قىلىدىكەن. شۇڭا مەرھۇم 1878 ـ يىلى تۇغۇلغان دەپ مۆلچەرلەندى.

② تۇرداخۇنباينىڭ ئانىسى قىرغىز، تۇرداخۇنباينىڭ ئۆزىمۇ قىرغىز يېرىدە تۇغۇلۇپ قىرغىزچە سۆزلىگەچكە، بەزى مەنبەلەردە قىرغىز دەپ ئېلىنغان. ھالبۇكى، قانداشلىق مۇناسىۋىتى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ قەشقەرلىك ئۇيغۇرنىڭ ئوغلىدۇر.

③ نوۋىيگورد ــ رۇسچە «يېڭى شەھەر» دېگەن مەنىدە. بۇ مەھەللە غۇلجىغا 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئەتراپىدا سېلىنغان.

④ 1935 ـ يىلى غۇلجىدا پايچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلغان، بىر پاي 25 قوي ھېسابلانغان. پاي قوشۇشتىن يىغىلغان قويلار بىرتوتاش سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈلگەن. ئۇنىڭ بەدىلىگە قۇرۇلۇشقا لازىملىق نەرسىلەر كىرگۈزۈلگەن.

⑤ خانقىز مومايىنىڭ بۇ گەپلىرى «ئانا يۇرت» رومانىنىڭ 1 ـ كىتاب 209 ~ 211 ـ بەتلىرىدىكى تەپسىلاتلارغا ئوخشايدۇ.

تەھرىرلىگۈچى : سابىر ئەلى

## *ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى*

بۇ خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى ئۇيۇشتۇرىدىغان خەلقئارالىق ئۇنىۋېرسال تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بولۇپ، ئۇنىڭ يازلىق، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ۋە ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر، مېيىپلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى دېگەندەك تۈرلىرى بار. ئولىمپىك قەدىمكى گىرېتسىيىدە بارلىققا كەلگەن. قەدىمكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 776 ـ يىلىدىن مىلادىيە 394 ـ يىلىغىچە 293 نۆۋەت ئۆتكۈزۈلگەن. 1894 ـ يىلى پارىژدا ئېچىلغان خەلقئارا تەنتەربىيە يىغىنىدا فرانسىيىلىك ئاقسۆڭەك كوبېرتىننىڭ تەشەببۇسى بويىچە خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى قۇرۇلغان ھەمدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى زاماندىكى تۇنجى ئولىمپىك مۇسابىقىسى 1896 ـ يىلى گىرېتسىيىدىكى ئافىنادا ئۆتكۈزۈلدى، شۇنىڭدىن كېيىن 1916 ـ، 1940 ـ، 1944 ـ يىللىرى دۇنيا ئۇرۇشى سەۋەبىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ كەلمەكتە. ھەر نۆۋەتلىك مۇسابىقە ۋاقتى 16 كۈندىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئولىمپىك ھازىر دۇنيادا تىنچلىق ۋە دوستلۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى.

ــ ماتېرىيالدىن

# «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. شەخسلەر تەزكىرىسى»دىن

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## خۇدايداد

خۇدايداد (1356~؟)، 14~15 ـ ئەسىرلەردىكى دوغلات موڭغۇللىرىنىڭ ئەمىرى، ئالتە موڭغۇل خانىنىڭ ئوردىسىدا ئۇلۇسبېگى(ھەربىي باشلىق) بولغان، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ دەسلەپتە ئەمەلىي ھوقۇق تۇتقان سىياسىي ئەرباب.

خۇدايدادنىڭ ئاتىسى بۇرۇج چىڭگىزخان ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈرنى خان قىلىپ تىكلەپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى قۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلۇسبېگى مەنسىپىگە ئېرىشكەن. بۇرۇج ئۆلگەندىن كېيىن، تېخى ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن خۇدايداد تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ پەرمانى بىلەن ئاتىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلدى. 1363 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈر كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى، تەختكە ئىلياس خوجا ئوغلان ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ ئەمەلىي كۈچ جەھەتتە ئاجىز كېلىپ قالدى. دوغلاتلارنىڭ ئەمىرى، خۇدايدادنىڭ تاغىسى جەمالىددىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ توپىلاڭ قوزغاپ، خان جەمەتىدىكىلەرنى قىرغىن قىلىپ، ئۆزى خانلىققا ئولتۇردى. خۇدايداد ئانىسى بىلەن بىرلىكتە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ كەنجى ئوغلى خىزىر خاجەنى يوشۇرۇپ قويۇپ ئامان ساقلاپ قالدى.

جەمالىددىن توپىلىڭى غەربىي يۇرتتا ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، ماۋەرائۇننەھردە قۇدرەت تاپقان تۆمۈر شۇنىڭ بىلەن ئالتە قېتىم شەرققە يۈرۈش قىلىپ، جەمالىددىننى پاجىئەلىك مەغلۇپ قىلدى. 1389 ـ يىلى خۇدايداد ئۇزاقتىن يوشۇرۇپ كەلگەن خىزىر خاجەنى يۆلەپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىگە چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئىشەنچ تاپقان خۇدايداد ھەربىي ـ مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا مۇشەررەپ بولدى. خۇدايداد ئۆمرىدە خىزىرخاجە، شەمئى جاھان، مەھمۇد، نەقشىجاھان، شىرمۇھەممەد ۋە ئۇۋەيسخاندىن ئىبارەت ئالتە موغۇل(موڭغۇل) خانىنىڭ تەختكە چىقىشىغا ھەمدەمدە بولدى.

خۇدايدادنىڭ قەشقەر، خوتەن، كۇچالاردا سۈيۈرغال يېرى بار ئىدى. ئۇنىڭغا 24 مىڭ ئائىلىلىكتىن ئارتۇق ئاھالە قارايتتى. ئۇ بۇ رايونلاردا ئالىي ھوقۇققا ئىگە ئىدى، شۇڭا بۇ رايونلار شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ كۆزى بولۇپ قالغانىدى. 1418 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەرەمبېگى ياڭ جۇڭ قاتارلىقلار غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە، خۇدايدادقا تاۋار ـ دۇردۇنغا ئوخشاش نەرسىلەرنى سوۋغا قىلغان.

خودايداد ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇۋەيسخان بىلەن ئارازلىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماۋەرائۇننەھردىكى تۆمۈر ئەۋلادى مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ ئۇۋەيسخان ھۆكۈمرانلىقىدىكى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنىغا پاراكەندىچىلىك سېلىشىغا ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشتى. شۇ قېتىمقى جەڭدە موڭغۇللار ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خۇدايداد مىرزائۇلۇغبەگنىڭ قوينىغا



كىرىپ كەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا مۇساپىر بولۇپ يۈردى، ئاخىرى مەدىنىگە بېرىپ ھەج ـ تاۋاب قىلىپ، شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتتى.

## خىزىر خاجە

خىزىر خاجە (تەخمىنەن 1369~1402)، موغۇل(موغۇل) خانى، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ كەنجى ئوغلى.

1363 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈر كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى، ئىلياس خاجە ئوغلان ئاتىسىنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئەمىر جەمالىددىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تويلاڭ كۆتۈرۈپ، 18 شاھزادىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇ چاغدا خىزىر خاجە تېخى بالا ئىدى، ئۇنى دوغلاتلارنىڭ ئەمىرى خۇدايداد ئانىسى بىلەن بىرلىكتە قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. خۇدايداد ئانا ـ بالا ئىككەيلەننى قەشقەرنىڭ تاغلىق رايونىغا يوشۇرۇپ قويدى. ئۇزاققا بارماي بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالغاچقا، ئۇلارنى ئۇدۇنغا يۆتكىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خىزىر خاجە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى لوپ بىلەن سارىغ ئۇيغۇرلار زېمىنى ئارىلىقىدا 12 يىل سەرگەردان بولۇپ يۈردى.

1387~1389 ـ يىللىرىغىچە ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى تۆمۈر قوشۇن تارتىپ ئەمىر جەمالىددىنغا ئالتە قېتىم جازا يۈرۈشى قىلدى، جەمالىددىن كەسكىن جەڭدە ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. خىزىر خاجە خۇدايدادنىڭ ھىمايىسىدە خانلىق تەختىگە چىقتى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختى يەنە تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

خىزىر خاجە يېڭىدىن تەختكە چىققاندا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئىچكى ـ تاشقى قىيىنچىلىقلار ئىچىدە تۇراتتى. 1389 ـ يىلى ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى تۆمۈر موغۇللارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى، ئۇنىڭ قاراۋۇل قوشۇنى خانلىقنىڭ مەركىزىي رايونلىرى بولغان چالىش(قاراشەھەر) قاتارلىق جايلارغىچە بېرىپ، بولۇشىغا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. خىزىر خاجە تۆمۈرىي خاندانلىقىغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، 1397 ـ يىلى چوڭ ئوغلى شەمئى جاھاننى تۆمۈرىي خاندانلىقىنىڭ پايتەختىگە دوستلۇق ئەلچىسى قىلىپ ئەۋەتتى ھەمدە مەلىكە تاۋاكال خانىمنى تۆمۈرگە ياتلىق قىلدى. خىزىر خاجە غەربتىكى تۆمۈرىي خاندانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىۋالغاندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىش نىشانىنى شەرققە قاراتتى، ئۇ غازات قىلىش نامى بىلەن لەشكەر چىقىرىپ تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، يەرلىك ئاھالىنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىدى.

خىزىر خاجە تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مىڭ سۇلالىسى بىلەن سىياسىي ئالاقە ۋە سودا ئالاقىسى قىلىشقا باشلىدى. ئۇ 1391 ـ يىلى مىڭبېشى كامالىددىن قاتارلىق كىشىلەرنى ئات ۋە باشقا يەرلىك مەھسۇلاتلار بىلەن مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئالاقە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ تۇردى.

خىزىر خاجە 1399~1404 ـ يىللىرى ئارىلىقىدىكى غازاتتا ئۆلدى، ئۇنىڭ قەبرىسى تۇرپاننىڭ يېنىدىكى شورلۇققا ئورنىتىلدى. 1415 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى چېن چېڭ غەربكە ئەلچىلىككە كەلگەندە، ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ ئۆتتى.

## ئۇۋەيس

ئۇۋەيس (؟~1432)، موغۇل(موغۇل) خانى.

ئۇۋەيس كىچىكىدىلا ئاتىسىدىن يېتىم قېلىپ، تاغىسى شىرمۇھەممەد بىلەن بىللە ئۆتتى. چوڭ بولغاندا ماۋەرائۇننەھر رايونىغا بېرىپ ئەمەل تۇتۇپ، ئەمىر تۆمۈر سەركەردىسىنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى نەقشجاھان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇۋەيس قول ئاستىدىكىلەرنى توپلاپ، تاغىسى شىرمۇھەممەد بىلەن تەخت تالاشتى. 1420 ـ يىلى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شىرمۇھەممەدنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، شىرمۇھەممەد ئۆزىمۇ كېسەل بىلەن قازا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇۋەيس تەختكە چىقتى.

ئۇۋەيس خان بولغاندىن كېيىن شەرقتە مىڭ سۇلالىسى بىلەن ياخشى ئالاقىدە بولدى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى باردى ـ كەلدى ئۈزۈلمىدى. غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تۆمۈريي خانىدانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، خىزىر خاجە خاندىن كېيىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ماۋەرائۇننەھرنىڭ تىزگىنلىشىدە بولۇپ كەلگەن ۋەزىيەتكە پەيدىنپەي خاتىمە بەردى. ئۇ 1417 ـ يىلى شىمالدىكى ئويراتلارنى جازالاشقا كىرىشىپ، 60 نەچچە قېتىم قوشۇن چىقىرىپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنى تىزگىنلەش مەقسىتىدە 1422 ـ يىلى تۇرپانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنىڭ سەردارى ئىنگىرچانى قوغلىۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۇرپان موغۇل خانلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كېڭەيتىشىدىكى باش ئىستىھكام بولۇپ قالدى.

ئۇۋەيس تەخت تۇتۇپ ئاخىرقى مەزگىلگە كەلگەندە، ھوقۇقى زورىيىپ كەتكەن ئەمىر خۇدايدادنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتى.

1432 ـ يىلى ئۇۋەيس ئىسسىقكۆل بويىدا تۆمۈريي خانىدانلىقىنىڭ قوشۇنى بىلەن بولغان جەڭدە ئۇقۇشماسلىقتىن قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئوقى تېگىپ كېتىپ قازا قىلدى.

ئۇۋەيس ئۆلگەندىن كېيىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىم دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

### ئىسان بۇغا

ئىسان بۇغا(؟~1461)، موغۇل(موڭغۇل) خانى، ئۇۋەيسنىڭ ئوغلى.

1432 ـ يىلى ئۇۋەيس ئىسسىقكۆل بويىدىكى جەڭدە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئوقى تېگىپ قازا قىلغاندىن كېيىن، ئىسان بۇغا ئاكىسى يۇنۇس(يەنە بىر ئېتى ئەلى) بىلەن تەخت تالاشتى. ئۇ ئوردىدىكى كۆپ سانلىق قەبىلە سەردارلىرى ۋە ئەمىرلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىنى تارتىۋالدى. يۇنۇس قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ ماۋەرائۇننەھرگە قېچىپ بېرىپ، تۆمۈريي خانىدانلىقىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

قەشقەر رايونى دوغلات موڭغۇللىرىنىڭ ئاتا مىراس سۆيۈرغال يېرى ئىدى، ئۇۋەيسخان ئۆلگەندىن كېيىن، تۆمۈر ئەۋلادى مىرزا ئۇلۇغبەگ قەشقەرنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. ئىسان بۇغا تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، لەشكەر تارتىپ قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى ۋە ئۇنى دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا سۆيۈرغال قىلىپ بەردى. 1436 ـ يىلى ئىسان بۇغا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مىڭ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇردى، كېيىنمۇ بۇنداق ئىشنى ئۈزۈپ قويمىدى. قىپچاق پايلىقىدىكى ئۆزبېكلەر ئارىسىدا نىزا يۈز بەرگەندە، كېرەيخان بىلەن غەنىبەگخان قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ، سەردار ئەبۇلخەيرخاندىن ئايرىلىپ، موغۇلىستان پايلىقىغا قېچىپ كەلدى. ئىسان بۇغا خان ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، چۇ دەرياسى بويىدىكى بىر پارچە زېمىنغا ئورۇنلاشتۇردى. مۇشۇ قىسىم ئۆزبېكلەر كېيىن قازاقلار دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قازاقلار بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولۇپ كەلدى.

ئىسان بوغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنى بىرلىككە كېلىپ، دۆلەت خېلى قۇدرەت تېپىپ قالدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئىسان بۇغا تۇرپاندىكى بىر ئۈيغۇر كىشىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن قول ئاستىدىكى موغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قەستلەپ قويۇشىدىن قورقۇپ، ئوردىدىن قېچىپ كەتتى. كېيىن قەشقەردىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دوغلات ئەمىرلىرى ئۇنى تېپىپ ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىپ قايتىدىن تەختكە چىقاردى ھەمدە ئاقسۇنى پايتەخت قىلدى. ئىسان بۇغا ئاقسۇدا ئۆزىنى چىڭدىۋالغاندىن كېيىن لەشكەر تارتىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، سايرام، تاشكەنت قاتارلىق جايلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى.

1451 ـ يىلى ئۇ لەشكەر تارتىپ ماۋەرائۇننەھرگە يەنە بىر قېتىم تېگىش قىلدى. بىراق ياڭي (بۈگۈنكى تالاس رايونى) دا تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى مىرزا سۇلتان ھۈسەيىن تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. كېيىن ئۇ يەنە لەشكەر تارتىپ ئەندىجانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنىڭ جەمئىيىتى ۋە ئىقتىسادىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. ئۇ يەنە تۆمۈرنىڭ ئەۋلادلىرى قوللاپ كېلىۋاتقان ئاكىسى يۇنۇسنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىش يولىدا شەرققە قىلغان يۈرۈشىنى زەربە بىلەن چېكىندۈردى.

## يۇنۇس

يۇنۇس(1416~1487)، (خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا ئەلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، موغۇل (موگۇل) خانى، ئۇۋەيسنىڭ ئوغلى.

1432 ـ يىلى ئۇۋەيسخان ئۆلگەندىن كېيىن، يۇنۇس ئىنىسى ئىسان بۇغا بىلەن تەخت تالاشتى، كۆپ ساندىكى ئەمىرلەر ئىنىسى ئىسان بۇغانى ھىمايە قىلىپ خان قىلىپ تىكلىدى، شۇنىڭ بىلەن يۇنۇس يېقىنلىرىدىن ئىرازان بارىن، مىرەك تۈركمەنلەرنى ۋە بىر قىسىم موغۇللارنى باشلاپ سەمەرقەندكە كېلىپ، تۆمۈري خانىدانلىقىنىڭ شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان سەردارى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ھۇزۇرىغا باش قويدى. يۇنۇسنىڭ مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن تۇغقاندارچىلىقى بار ئىدى، شۇڭا ئۇ مىرزا ئۇلۇغبەگدىن ياخشىلىق كۆرەرمەن دېگەن ئۈمىدتە ئىدى، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەكسىچە ئۇنى نەزەربەند قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، بىر قىسمىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ ئۆز قوشۇنىغا قوشۇۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەي يۇنۇس ئېسىلزادىلەردىن بولغان داموللا مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ ھۇزۇرىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى، يۇنۇس بۇ يەردە 12 يىل ئىلىم ئۆگەندى، مەۋلانە شەرەفىددىن ئۇستاز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن يۇنۇس ماۋەرائۇننەھردە مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپ، تۇرمۇشنى مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزدى. 1456 ـ يىلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئىسان بۇغا ماۋەرائۇننەھرگە كۆپ قېتىم تېگىش قىلىپ، تۆمۈري خانىدانلىقىغا ئېغىر زەربە بەردى. تۆمۈر ئەۋلادى مىرزا سۇلتان ھۈسەيىن يۇنۇس بىلەن ئىنىسى ئارىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئۆز ئارا قىرغىنچىلىققا سېلىش يولى بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ قېلىش نىيىتىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ يۇنۇسنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن تاپتۇرۇپ كەلدى. يۇنۇس: «تۆمۈري خانىدانلىقىنىڭ خانلىرىغا ھەر چاغ ـ ھەر زامان ئىتائەت قىلىمەن» دەپ قەسەم ئىچكەندىن كېيىن، مىرزا سۇلتان ھۈسەيىن ئۇنىڭغا موغۇلىستانغا قايتىپ، ئىسان بۇغادىن تەختنى تارتىۋال دەپ قوشۇن بەردى. يۇنۇس قوشۇن باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ مۇھىم قورغىنى قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلدى. بىراق ئۇ بۇ يەردىكى دوغلاتلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. يۇلتۇز يايلىقىدا تۇرۇۋاتقان ئىسان بۇغا ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئالتە تۈمەن كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن ياردەمگە كەلدى، ئىككى تەرەپ قەشقەر ئەتراپىدا ئۇچرىشىپ كەسكىن جەڭ قىلدى، يۇنۇس مەغلۇپ بولۇپ قالدۇق قوشۇننى باشلاپ ماۋەرائۇننەھرگە قېچىپ كەلدى ۋە خۇراسان (ھىرات)دا مىرزا سۇلتان ھۈسەيىن بىلەن كۆرۈشتى. تۆمۈري خانىدانلىقىنىڭ بۇ ھۆكۈمرانى يۇنۇسنى ئەيىبلىمەي ئەكسىچە ئىلھاملاندۇردى ۋە ئۇنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولۇپ، ئەندىجاننىڭ يېنىدىكى يەتتە كەنت دېگەن جاينى يەنە بىر قېتىم شەرققە يۈرۈش قىلىشتا بازا قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىپ بەردى. 1461 ـ يىلى ئىسان بۇغا قازا قىلدى، يېڭى خان دوستمۇھەممەد زورلۇق ـ

زومبۇلۇق قىلىپ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. 1468-1469-يىللىرى دوستمۇھەممەد كېسەل بىلەن قازا قىلدى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنى مالىمانچىلىق ئىچىدە قالدى، يۇنۇس مۇشۇ پۇرسەتتە شەرققە يەنە بىر قېتىم يۈرۈش قىلدى. ئۇ 1469-يىلى تۇرپان، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر رايونىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە بەيئەت قىلغان دوغلات ئەمىرىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇردى.

يۇنۇس سودا-سېتىق ئىشلىرى گۈللەنگەن، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى بىر قەدەر راۋاجلانغان ماۋەرائۇننەھر رايونىدا ئۇزاق مۇددەت ياشاپ ئىسلام دىنىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەمدە ئەركىن-ئازادە، بەخىرامان تېرىقچىلىق تۇرمۇشى ۋە شەھەر تۇرمۇشىغا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. ئۇ خان بولغاندىن كېيىن موغۇل قەبىلىلىرىنى تۇراقسىز كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن ئادا-جۇدا بولۇپ، تۇراقلىق ماكان تۇتۇپ، تېرىقچىلىق ۋە سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئىسلام دىنى قائىدە-يوسۇنلىرىغا ئىتائەت قىلىدىغان تېخىمۇ ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلاردىن قىلىپ چىقىش ئىستىكىدە بولدى. بىراق ئۇنىڭ بۇنداق تەشەببۇس ۋە تەدبىرلىرى بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ جاھىللىق بىلەن بايقۇت قىلىشىغا ئۇچرىدى. بۇ ئەمىرلەر 1472-، 1473-يىللىرى ۋە 1481-يىلى ئىككى قېتىم توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ مۇقىم تېرىقچىلىق ئولتۇراق رايونى بەرپا قىلىش پىلانىنى يولغا قويۇشىنى توستى. يۇنۇس مۇتەئەسسىپ كۆچلەرنىڭ بېسىمىدا موغۇللارنى شەھەر-بازارلار ۋە تېرىقچىلىق رايونلىرىغا ئولتۇراقلاشتۇرۇش پىلانىدىن كېچىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ھاكىمىيەت سورىغان مەزگىلدە ئوردىسىنى تېرىقچىلىق رايونىغا كۆچۈرۈش ئىشىنى تىلغا ئېلىشقا پېتىنالماي، ئىزچىل تۈردە موغۇلىستان يايلىقىدا تۇرغۇزۇپ كەلدى.

يۇنۇس تەختتىكى ۋاقتىدا غەربتە تۆمۈري خانىدانلىقى بىلەن ياخشى ئۆتۈپ، ئىلگىرى-كېيىن ئۈچ قىزىنى تۆمۈرىيلارغا ياتلىق قىلدى؛ شەرقتە مىڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق سودا ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇ چېڭخۇا يىللىرىغا كەلگەندە ئەمەلىي كۈچىنىڭ زورىيىشى ئارقىسىدا قوشۇن ئەۋەتىپ مىڭ سۇلالىسىدىن قۇمۇل رايونىنى تالىشىشقا باشلىدى. 1473-يىلى 1-ئايدا قوشۇن ئەۋەتىپ قۇمۇل شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئالتۇن مۆھرىنى تارتىۋالدى، ۋاڭ ئانىنى بولاپ-تالىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا قۇمۇل رايونىغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش يولىدىكى يېرىم ئەسىرگە سوزۇلغان كۈرەشنىڭ پەردىسى ئېچىلدى.

يۇنۇس موغۇلىستان يايلىقى رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقى مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغان ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن غەربتىكى تۆمۈري خانىدانلىقىنىڭ بەگلىرى بۆلۈنمە پەيدا قىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 1484-1485-يىللىرى لەشكەر تارتىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ماۋەرائۇننەھرنىڭ مۇھىم قورغانلىرىدىن تاشكەنت، سايرام قاتارلىق جايلارنى ئىلكىگە ئېلىۋالدى ھەمدە ئۇ يەردە چوڭ ئوغلى مەھمۇد بىلەن ئۇزاق تۇرۇپ قېلىپ، شەرققە ئىككىنچىلەپ قايتمىدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىمۇ شۇنىڭ بىلەن شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

يۇنۇس 1487-يىلى تاشكەنتتە 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئەھمەد

ئەھمەد(1465~1503)، موغۇل(موڭغۇل)خانى، يۇنۇسنىڭ ئوغلى.

ئەھمەد ئاكىسى مەھمۇدنىڭ ئەكسىچە يايلاق كۆچمەن مىللەتلىرىنىڭ قويۇق ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھېرىس بولۇپ، موغۇللار ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇي تاپقانىدى. ئۇ ئاتىسى يۇنۇس تەختتىكى ۋاقتىدا 1480-يىلى بىر قىسىم موغۇل سەردارلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئاقسۇدا

www.uyghurkitap.com

غەلىيان قوزغاپ، يۈنۈس خاننىڭ موغۇللارنى تېرىقچىلىق رايونلىرىغا ماكانلاشتۇرۇش تەدبىرىگە قارشى تۇردى. ئۇ 1484 ـ 1485 ـ يىللاردا ئاتىسى ۋە ئاكىسى بىلەن بىللە ماۋەرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلغاندا يول ئۈستىدە تېرىقچىلىق رايونىغا ماكانلىشىشنى رەت قىلغان بىر قىسىم موغۇللارنىڭ قىستىشى بىلەن قوشۇندىن ئايرىلىپ، يايلاق رايونىغا قايتىپ كەلدى. ئەھمەد 1487 ـ يىلى ئۆز قوۋمىنى باشلاپ چالىش(قاراشەھەر)، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جايلارنى تايانچ قىلىپ، ئەمەلىي كۈچىنى پائال كېڭەيتىپ، ئاكىسى مەھمۇدنىڭ باشقۇرۇشىدىكى خانلىقنىڭ غەربىي ھاكىمىيىتى بىلەن قارشىلاشتى. 1488 ـ يىلى ئۇ «ئاقسۆڭەك زاتىدىن ئەمەس» دېگەن باھانە بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئۇتۇغات بەرگەن قۇمۇلنىڭ سادىق ئىتائەتمەن ۋاڭى ئۇيغۇر خەنشىننى ئۆلتۈرۈپ، قۇمۇلنى ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان بېرىپ، مىڭ سۇلالىسىدىن ۋاڭلىق ئۇتۇغاتى ۋە «غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش مەنسىپى» بېرىشنى تەلەپ قىلدى. كېيىن مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلنى قايتۇرۇۋالدى. ئەھمەد 1493 ـ يىلى قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ قۇمۇلنى يەنە بىر قېتىم ئىشغال قىلىپ، مىڭ سۇلالىسىنى قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنى خېشى رايونىدىكى كۇيۇ قەلئەسىگە يۆتكەشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەھمەد شىمالدىكى ئويراتلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇدا غەلىبە قازاندى. شۇنىڭ بىلەن ئويراتلار ئۇنىڭدىن بەك قورقىدىغان بولۇپ كەتتى ۋە ئۇنى «ئالچاخان» («قانخورخان»دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىدى. ئەھمەد غەرب تەرەپتە ئۆزبېك، قازاقلارغا بىر نەچچە قېتىم تېگىش قىلىپ ئۈچ قېتىم مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە دوغلات موڭغۇللىرىنىڭ ئەمىرى مىرزا ئابابەكرنىڭ سۇيۇرغاللىقىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، قەشقەر شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئەھمەد دەۋرىدە ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى تۇرپان، چالىش، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، تەسىر كۈچى ئىنتايىن زورايدى.

1501 ـ، 1502 ـ يىللىرى ئەھمەدنىڭ ئاكىسى مەھمۇد ماۋەرائۇننەھر رايونىدا ئۆزبېكلەرنىڭ زور قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ ئىنتايىن يامان ئەھۋالدا قالدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئەھمەد قېرىنداشلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز ئىلكىدىكى جايلارنىڭ ئىشلىرىنى چوڭ ئوغلى مەنسۇرنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا خانلىق نامى بېرىپ ئۆزى ئوغۇللىرى سەئىد، باباجاقلار بىلەن قوشۇن تارتىپ تاشكەنت شەھىرىگە ياردەمگە باردى. ئاخىرى ئاگاختادىكى جەڭدە ئۇنىڭ پۈتۈن قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، ئەھمەد بىلەن مەھمۇد ئۆزبېكلەرگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. كېيىن ئۆزبېك خانى شاھبېكخان مەھمۇدنىڭ ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ شەھەر سەمەرقەندنى ئېلىشىغا ھەمدەمدە بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاكا ـ ئۇكىلا ئىككىيلەننى قويۇۋېتىپ شەرققە يولغا سالدى. ئەھمەد بىلەن مەھمۇد 1502 ـ يىلى ئاقسۇ قەلئەسىگە قايتىپ كەلدى.

كېيىنكى يىلى ئەھمەد سەكتە بولۇپ ئاقسۇدا 39 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## مەھمۇد

مەھمۇد(1463~1508 ياكى 1509)، موغۇل(موڭغۇل)خانى، يۈنۈسنىڭ چوڭ ئوغلى.

مەھمۇد 1484 ـ 1485 ـ يىللىرى ئاتىسى بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلىپ، تاشكەنت قاتارلىق جايلارنى ساقلىدى. 1487 ـ يىلى يۈنۈس ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە مەھمۇد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ ئاتاقتا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تىزگىنلەش دائىرىسى خانلىقنىڭ غەربىي رايونلىرى بىلەن چەكلىنىدى، پايتەختى يەنىلا تاشكەنتتە تەسىس قىلىنىدى. موغۇلىستان يايلاقلىرى بىلەن شەرقىي قىسىمدىكى تۇرپان رايونى مەھمۇدنىڭ ئىنىسى ئەھمەدنىڭ

ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. مەھمۇد يېڭى تەختكە چىققاندا تۆمۈرىي خانىدانلىقى ئۇنىڭ تېخى پۇت تىرەپ تۇرۇۋالالمىغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تاشكەنت شەھىرىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولۇپ، قوشۇن تارتىپ جازا يۈرۈشىگە ئاتلاندى. ئۆزبېكلەرنىڭ سەردارى شاھىبېكخان ھۇجۇم يولىدا تۆمۈرىي خانىدانلىقىغا ئاسىيلىق قىلىپ، مەھمۇدقا باش قويدى، شۇنىڭ بىلەن ھۇجۇمچى كۈچ ئاجىزلىشىپ، تۆمۈرىيلەر مەغلۇپ بولدى. شاھىبېكخان تۈركىستاننىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مۇشەررەپ بولدى. مەھمۇدخاننىڭ قوللىشى بىلەن شاھىبېكخاننىڭ كۈچى پەيدىنپەي زورايدى.

ئۇزاق ئۆتمەي تۆمۈرىي خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى سەمەرقەند پاسسىۋانسىز قالدى، مەھمۇدخان سەمەرقەندكە كۆز تىكتى ۋە يېڭى خان مىرزا بايسۇنقۇر ئەمدىلا تەختكە چىققان پۇرسەتتە لەشكەر تارتىپ سەمەرقەندنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، مىرزا بايسۇنقۇرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىمەكچى بولدى. كۈتمىگەن يەردىن ھۇجۇمدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ سەمەرقەندكە خوجا بولۇش پىلانى بەربات بولدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇ يەنە مۇشاۋىرىنىڭ تەدبىرىنى قوبۇل قىلىپ، شاھىبېكخاننىڭ سەمەرقەندكە ھۇجۇم قىلىشىغا ھەمدەم بولدى. ئۇنىڭ ياردىمىدە شاھىبېكخان ئاخىر سەمەرقەند شەھىرىنى ئالدى ۋە شۇنىڭ بىلەن قۇدرەت تېپىپ كەتتى. شاھىبېكخان تاشكەنت شەھىرىنىمۇ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قوزغىدى. 1501 - ، 1502 - يىللىرى مەھمۇدخان تاشكەنت شەھىرىدە مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ ھۆكۈمرانى ئەھمەدخان بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، قېرىنداشلىقنى نەزەرگە ئېلىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى چوڭ ئوغلى مەنسۇرغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى چوڭ قوشۇننى باشلاپ ماۋەرائۇننەھرگە ياردەمگە كەلدى. ئەندىجان شەھىرى يېنىدا ئىككى قوشۇن تۇتۇشۇپ قالدى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قوشۇنى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن تەڭلا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي تاشكەنت شەھىرىنىمۇ ئۆزبېكلەر ئىشغال قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلاندى.

شاھىبېكخان مەھمۇدخاننىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىگە ياردەمدە بولغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، 1503 - ، 1504 - يىللىرى ئاكا - ئۇكا ئىككەيلەننى قويۇپ بەردى. شۇ يىلى مەھمۇدخان ئىنىسى بىلەن ئاقسۇ قەلئەسىگە قايتىپ كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەھمەدخان كېسەل بىلەن قازا قىلدى، مەھمۇدخان ئەھمەدخانغا قاراشلىق يەرلەرنى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بېرىپ، ئۆزى جىيەنلىرى سەئىد بىلەن باباجاقنى ئېلىپ خانلىقنىڭ شىمالىدىكى موغۇلىستان يايلىقىغا چېكىنىپ، يەتتەكەنت دېگەن جايدا بەش يىل ياشىدى. مەھمۇدنىڭ ئىشتا ئېپى بولمىغاچقا ھەمىشە جىيەنلىرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايتتى. ئاۋات دېھقانچىلىق رايونىدا تۇراقلىق ياشاپ ئادەتلەنگەن مەھمۇد تۇراقسىز كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن بىزار بولغاچقا، قول ئاستىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىققا ئادەتلەنگەن كىشىلەر تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدى. 1508 - ، 1509 - يىللىرى ئۇ بەشىنچى ئوغلىنى ئېلىپ ماۋەرائۇننەھرگە بېرىپ، ئۆزبېكلەرگە باش ئۇرۇپ شاھىبېكخاندىن پاناھلىق تىلىدى، ئۇنىڭ غەربكە قايتىپ كەلگەنلىكىنى راۋا كۆرمىگەن ئۆزبېك خانى ئاتا - بالا ئىككىيلەننى سىر دەرياسى بويىدا ئۆلتۈرۈۋەتتى.

## مىرزا ئابابەكرى

مىرزا ئابابەكر (؟ ~ 1514)، موڭغۇل، دوغلات موڭغۇللىرىنىڭ سەردارى.

مىرزا ئابابەكر ئەمەلدار ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، بوۋىسى سەيىد ئەلى قەشقەردە كۆپ يىل باسقاۋۇل بولغان. 1457 ~ 1458 - يىللىرى سەيىد ئەلى ئۆلۈپ مىرزا ئابابەكرنىڭ ئاتىسى مىرزا سانىز ئۇنىڭ مەنسەپ - مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ قەشقەردە يەتتە يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن.

مىرزا ئابابەكر باللىق يىللىرىدا قەشقەردە

تۇردى، ئاتىسى قازا قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىن دوستمۇھەممەد لەشكەر تارتىپ كېلىپ قەشقەرنى ئالدى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئانىسى دوستمۇھەممەدكە ياتلىق بولدى، مىرزا ئابابەكر ئانىسى بىلەن دوستمۇھەممەدنىڭ تۇرۇشلۇق جايى ئاقسۇ شەھىرىگە بېرىشقا مەجبۇر بولدى، ئۇ يەردە موغۇل خانىنىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلەندى. دوستمۇھەممەد غەلىتە مىجەزلىك، قاتتىق قول ئادەم ئىدى. مىرزا ئابابەكر ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇشنى ئەنسىزلىك ھېس قىلىپ، خوتۇنى بىلەن قەشقەرگە قېچىپ كېلىپ، ئۇ يەردە ھاكىمىيەت سوراۋاتقان تاغىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا باش قويدى. ئۇ يەنە مۇشۇنداق ئالاھىدە مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، تەرەپ-تەرەپتە ئىش كۆرۈپ، يات پىكىردىكىلەرنى چەتكە ئىتتىرىپ، ئۆز مۇردىلىرىنى توپلىدى ۋە يېتىشتۇردى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئانىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا تەگكەندىن كېيىن، ئانا-بالا ئىككىيلەن كۆز بويامچىلىق ۋاسىتىلىرىنى ئىشقا سېلىپ ھاكىمىيەتنى كونتروللۇقىغا ئېلىۋالدى.

مىرزا ئابابەكر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ زور بىر تۈركۈم پېشقەدەم، قابىل ئەمىر-سەركەردىلەرنى ھوقۇقسىزلاندۇرۇپ، تاغىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زور دەرىجىدە خورىتتى. ئۇ يەنە تاغىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىۋېلىپ، لەشكەر تارتىپ خوتەنگە ھۇجۇم قىلىپ، خوتەننى ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. شۇنىڭ كەينىدىنلا يەنە تاغىسىنىڭ يازما پەرمانىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، پوپوزا قىلىش ۋاسىتىسى بىلەن يەكەن شەھىرىنىڭ خوجايىنلىق ئورنىغا چىقىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدىن يۈز ئۆرۈپ، لەشكەر تارتىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قوزغاپ ئۇنى يۇتۇۋالماقچى بولدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دەرغەزەپتە قوشۇن چىقىرىپ ئۇنى توستى-يۇ، مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانى يۇنۇس خاندىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدى، بىراق يۇنۇس خانىنىڭ ياردەمگە كەلگەن قوشۇنىنىمۇ مىرزا ئابابەكر تارمار قىلىۋەتتى. 1480-يىلى ئۇ يەنە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئالتە تۈمەن كىشىلىك زور قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ قەشقەر شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاقسۇغا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار تولۇق مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى، شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇ رايونغا 30 نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

مىرزا ئابابەكر ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن مەزگىلدە قاتتىق جازا، ئېغىر ئالۋان-ياساق ۋاسىتىلىرى بىلەن جېنىنىڭ بارىچە بايلىق توپلىدى، ئىسلام دىنىنى بۇ دىياردا تېخىمۇ كەڭ تارقاتتى، خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قول تىقىشىنى قوللىدى. ئۇ ئۆز ئىچىنى چىڭىتىۋالغاندىن كېيىن تەرەپ-تەرەپكە جازا يۈرۈشى قوزغاشقا كىرىشىپ، جەنۇبتا تۈبەت، بەللۇر، بەدەخشان شەھەرلىرىنى ئالدى، غەربتە بىر مەھەل ئەندىجان، ئۇش، مادۇ، ئۆزكەند قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى، شىمالدا موغۇلىستان يايلىقىنى بويسۇندۇردى.

مىرزا ئابابەكر ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا خۇنۇكلىشىپ، چاكىنا ئادەملەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى، قۇۋمىلىرىغا زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ، پۇقرالارنى زار-زار قاقشاتتى. 16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەندىجان قاتارلىق جايلىرىدا تۇرىۋاتقان شەرقىي چاغاتايلىق سەئىد جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان ئۆزبېكلەرنىڭ قىستىشى بىلەن، مىرزا ئابابەكر ھاكىمىيىتى تەۋرىنىپ قالغان پۇرسەتتە قوشۇن تويلاپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ مۇداپىئەدە بوشاڭلىق قىلغانلىقى، سەركەردىلەرنىڭ ئۇرۇشقا رايى بارمىغانلىقى ئارقىسىدا يېڭىسار، قەشقەر، يەكەن شەھەرلىرى 1514-يىلى سەئىد تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. مىرزا ئابابەكر قەشقەردىن كېتىش ئالدىدا زور مىقداردىكى مال-دۇنيا بىلەن ئاۋۋال خوتەنگە، كېيىن تىبەتكە قېچىپ باردى، ئاخىرىدا سەئىدخانغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە

قەشقەرگە قايتىش يولىدا قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

## مۇھەممەد قىرغىز

مۇھەممەد قىرغىز ــ چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى قىرغىزلارنىڭ سەردارى. مۇھەممەد قىرغىز باشتا موغۇلىستان يايلاقلىرى (تەڭرىتاغنىڭ شىمالى)دا پائالىيەت قىلدى. ئۇ موغۇل خانى سەئىد قەشقەر قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىشتىن ئىلگىرى جەنۇبقا كېلىپ ئۇنىڭغا باش قويىدى ھەمدە دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، ياركەند (يەكەن)ئەتراپلىرىنى چارلاپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەرنى ئېلىش ئىشىغا كۆپ كۈچ چىقاردى. قەشقەر قاتارلىق جايلار ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇ قوشۇننى باشلاپ موغۇلىستاننىڭ شىمالىغا قايتتى. سەئىد ئۇنىڭغا نۇرغۇن قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلدى.

مۇھەممەد قىرغىز موغۇلىستان يايلىقىغا بارغاندىن كېيىن شۇ ئەتراپتا چېچىلىپ يۈرگەن قىرغىزلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى، ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچى پەيدىنپەي زورايدى. ئۇ ئاساس قۇرۇۋالغاندىن كېيىن قوشۇننى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر ماۋەرائۇننەھردىكى تاشكەنت، سايرام قاتارلىق جايلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، يەرلىك ئۆزبېكلەرنى قاتتىق ساراسىمىگە سالدى. ئۇ بىر قېتىملىق جەڭدە ئۆزبېك ـ شەيبان قەبىلىسىنىڭ سەردارى ئابدۇللانىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۇرۇپ، ئابدۇللانى ئەسىرگە ئالدى. ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۆزبېك ـ شەيباننىڭ سۇلتانلىرى ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ قالسا قويۇۋېتىمەن، دېگەن ۋەدىسى بار ئىدى، ئۇ شۇ ۋەدىسىگە يارىشا ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قويۇۋەتتى. شەرقىي چاغاتاي خانلىرى ئۆزبېك ـ شەيبانلار بىلەن ئارازلىشىپ كېلىۋاتاتتى، مۇھەممەد قىرغىزنىڭ ئابدۇللانى قويۇۋەتكەنلىكىدىن سەئىدخان قاتتىق نارازى بولدى. 1515 ـ يىلى سەئىدخان زور قوشۇن بىلەن موغۇلىستانغا ھۇجۇم قىلدى، ئىككى تەرەپ ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا كەسكىن جەڭ قىلدى، جەڭدە مۇھەممەد قىرغىز مەغلۇپ بولۇپ، سەئىدكە ئەسىرگە چۈشۈپ زىندانغا تاشلاندى.

1522 ـ يىلى قەشقەر رايونىنىڭ يايلاقلىرى يېتىشمەي قالدى، موغۇلىستان يايلىقىدىكى يولباشچىسىز قالغان قىرغىزلار تۈشمۇتۈشتا بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈردى. سەئىدخان ئوغلى ئابدۇرەشىدنى قوشۇن باشلاپ بېرىپ قىرغىزلارنى يەنە بىر قېتىم جازالاشقا بۇيرۇدى. مۇھەممەد قىرغىز زىنداندىن چىقىرىلىپ، قىرغىزلارنىڭ ئاتامانلىقىغا تەيىنلىنىپ، موغۇلىستان يايلىقىغا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنغا يول باشلىغۇچى قىلىندى. موغۇلىستان بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن مۇھەممەد قىرغىز ئابدۇرەشىدنىڭ شۇ يەرنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا ياردەملەشتى.

## سەئىد

سەئىد (؟ ~ 1533)، موغۇل (موڭغۇل) خانى، شەرقىي چاغاتاي خانى ئەھمەدخاننىڭ 3 ـ ئوغلى (ئۇ يەنە 1514 ـ يىلى قۇرۇلغان يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى دەپمۇ قارىلىدۇ).

سەئىد ۋە ئىنىسى باباجاق 1501 ~ 1502 ـ يىللىرى ئاتىسى ئەھمەدخان بىلەن بىللە ئۆزبېكلەرنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغان تاغىسى مەھمۇدخاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ماۋەرائۇننەھرگە كەلدى. بىراق ئاخسىدىكى جەڭدە موغۇللارنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى پۈتۈنلەي ھالاك بولدى، سەئىدنىڭ پۇتى يارىلىنىپ ئۆزبېكلەرگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. بىر يىلدىن كېيىن باشقىلارنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن قويۇپ بېرىلىپ، ئۆزبېك خانىغا ياردەملىشىشكە قويۇلدى. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزبېك خانى خارەزمگە ھۇجۇم قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، موغۇلىستان يايلىقىغا قېچىپ كېلىپ تاغىسى مەھمۇدخانغا بېقىندى. كېيىن ئۇ دۆلەت ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرمەيدىغان ھاماقەت تاغىسىدىن بىزار بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، قىرغىزلارغا سەردار بولۇپ تۇرۇۋاتقان نەۋرە ئىنىسى

www.uyghurkitap.com

خىلىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا ياردەملەشتى. شۇ مەزگىلدە ئۇ ئىنىسى بىلەن بىللە مەنسۇرخاننىڭ باشقۇرۇشىدا تۇرۇۋاتقان تۇرپان قاتارلىق جايلارغا پاراكەندىچىلىك سېلىپ، خانلىق ھوقۇقىغا كۆز تىكىپ يۈردى. ئالمۇتا يېنىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا مەنسۇرخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، پۈتۈن قوشۇنى ھالاك بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماۋەرائۇننەھر رايونىغا قېچىپ بېرىپ، ھالاكەت يولىغا كىرىپ قالغان ئەھۋالدا ئۆزبېك خانى شاھىبېكخاننىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە كابۇلغا قېچىپ بېرىپ بابۇر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا باش قويدى. 1510-يىلى ئۆزبېك خانى شاھىبېكخان ئوتتۇرا ئاسىيادا قەستكە ئۇچرىدى، بابۇر پادىشاھ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز مەھكىمىسىنى قۇندۇزغا يۆتكەپ، ماۋەرائۇننەھرگە خوجا بولۇشقا ئۇرۇندى، سەئىد ئەندىجاننى ساقلاشقا قويۇلدى. كېيىن سەمەرقەند شەھىرىنىڭ خوجىسى بابۇر پادىشاھنى ئۆزبېكلەر تەختتىن چۈشۈرۈۋەتكەچكە، ئەندىجان تاشقى ھۇجۇمدىن مۇداپىئەلىنىدىغان توساقلىق رولىنى يوقاتتى، سەئىد مۇشاۋىرلىرىنىڭ نەسىھىتىنى ئىلىك ئېلىپ، 1514-يىلى قوشۇننى باشلاپ ئەندىجاندىن ئايرىلدى. يول ئۈستىدە موغۇلىستان يايلىقىدىن ئۆتكەندە، ئايلىنىپ يۈرۈپ ھۇجۇم قىلىش، ئىچ-تېشىدىن ماسلىشىش تاكتىكىلىرىنى قوللىنىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، يېڭىسار، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى. تارىمنىڭ جەنۇبىنى 30 نەچچە يىل سورىغان دوغلات ئەمىرى مىرزا ئابابەكرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى ۋە شەرقتىكى مەنسۇر ھاكىمىيىتى بىلەن تىركەشتى. كېيىنكىلەر بۇنى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي ھاكىمىيىتى دەپ ئاتىدى، يەنە بەزىلەر ئۇ قۇرغان ھاكىمىيەتنى «يەكەن خانلىقى» دەپ ئاتىدى.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئېلىنىشى بىلەن سەئىدنىڭ ھەربىي كۈچى زور دەرىجىدە كۈچەيدى، سەئىدنىڭ قول ئاستىدىكى بەزى قەبىلە سەردارلىرى ئۇنى لەشكەر چىقىرىپ مەنسۇر ھاكىمىيىتىنى يوقىتىۋېلىشقا بار كۈچى بىلەن كۈشكۈرتتى. سەئىد يېڭى قۇرۇلغان ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ۋەزىرلەرنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئەكسىچە شەرقتىكى مەنسۇرخان ھاكىمىيىتى بىلەن ئەپ ئۆتۈش تاكتىكىسىنى قوللاندى. ئىككى تەرەپ ئەلچىلىرىنىڭ مەسلىھەتلىشىشى ئارقىسىدا، 1516-يىلى سەئىد بىلەن مەنسۇر ئاقسۇ بىلەن كۇچا ئارىلىقىدىكى ئاربات تۈزلەڭلىكىدە ئۇچراشتى. ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قىزغىن پاراڭلاشتى. سەئىد ئۆزىنى ئىنىسى دەپ ئاتاپ، مەنسۇرنىڭ خوجىلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى، مەنسۇر سەئىدنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەرنى كونترول قىلىشىغا كۆڭلىدە ئىجازەت بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن فەرغانىدىن قۇمۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا سەپەر قىلغاندا تاموژنا بېجى ئېلىنمايدىغان بولۇپ، سودا يولى راۋانلىشىپ كەتتى.

سەئىد شەرقتە مەنسۇرخان ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن، قوشنا زېمىنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە باشلىدى. ئۇ 1517-يىلى موغۇلىستان يايلىقىغا يۈرۈش قىلدى. كېيىنكى يىلى يەنە غازات نامى بىلەن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، بەدەخشان قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى. ئۇ 1522-يىلى يەنە قەشقەر يايلاقلىرى يېتىشمىدى دېگەننى باھانە قىلىپ، قوشۇن چىقىرىپ شىمالدىكى موغۇلىستانغا ھۇجۇم قىلىپ، شۇ يەردە پائالىيەت قىلىۋاتقان قىرغىزلارنى بويسۇندۇردى ھەمدە ئوغلى ئابدۇرەشىدنى شۇ يەرنى ساقلاشقا ئەۋەتتى، ئۇ 1524-، 1525-يىللىرى ئۆزبېك خانى قازا قىلغان پۇرسەتتە، غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئۆزكەند، مارۇ قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى، لېكىن ئەندىجان شەھىرى يېنىدا ئۆزبېكلەرنىڭ قاتتىق

قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. غەربكە يۈرۈش ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۇ جازا يۈرۈشىنىڭ ئاساسىي تىغ ئۇچىنى جەنۇبقا قاراتتى. 1528 ـ يىلى سەئىد ئۆزى بىۋاستە قوشۇن تارتىپ كەشمىر رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى بەلۇرنى ئىشغال قىلدى. 1532 ـ يىلى يەنە ئۆزى بىۋاستە قوشۇن تارتىپ لاداق رايونىنى يۇتۇۋالدى. كېيىنكى يىلى كەشمىر رايونىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، يەرلىك ئاھالىنى باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشقا زورلىدى، سەئىدنىڭ نامىدا خۇتبە ئوقۇتتى ۋە پۇل قۇيدۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەئىد يەنە قوشۇن تارتىپ تىبەتكە يۈرۈش قىلدى، ئۇ يەردە تاغ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا يول ئۈستىدە جان ئۈزدى.

## مەنسۇر

مەنسۇر (؟ ~ 1543)، موغۇل (موڭغۇل) خانى، ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى.

مەنسۇر ئاتىسى ئەھمەدخان ھايات ۋاقتىدىلا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. 1501 ـ ، 1502 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ماۋەرائۇننەھردىكى تاشكەنت رايونىدا تۇرۇۋاتقان مەھمۇدخان ئۆزبېك قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغاندا، مەنسۇرنىڭ ئاتىسى ئەھمەدخان زور قوشۇن بىلەن ياردەمگە باردى. مەنسۇر خان نامى بىلەن دۆلەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈپ تۇردى. ئاخىردىكى ئۇرۇشتا ئەھمەدخان ئۆزبېكلەرگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. 1502 ـ ، 1503 ـ يىللىرى ئەھمەدخان قويۇپ بېرىلىپ شەرققە قايتىپ، قايتىدىن خانلىق تەختىگە چىقتى، مەنسۇر پەرمانغا بىنائەن شەرقتىكى تۇرپاننى تۇتۇپ تۇردى. 1503 ـ ، 1504 ـ يىللىرى ئەھمەدخان سەكتە بولۇپ قازا قىلدى، مەنسۇر ئاقسۇغا قايتىپ كېلىپ خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. شۇ چاغدا ئىنىسى سەئىد ۋە ئەسىرلىكتىن قويۇۋېتىلىپ قايتىپ كەلگەن تاغىسى مەھمۇد ئاقسۇدىن ئايرىلىپ موغۇلىستان يايلىقىغا كەتتى.

مەنسۇر يېڭى تەختكە چىققاندا خانلىق ئىچكى مالىمانچىلىق ئىچىدە قالغانىدى، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بەگ ـ ئەمىرلىرى ئۆز ئالدىغا يەر ئىگىلەپ خوجا بولۇۋېلىپ، ھېچكىم ھېچكىمگە باقمايتتى. دوغلات ئەمىرلىرىدىن زەپەربى ئاشكارا چاتاق چىقىرىپ، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ياتقان دوغلات ئەمىرى مىرزا ئابابەكرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا پاراكەندىچىلىك سېلىپ ئارام بەرمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەنسۇر ئاقسۇ شەھىرىدىن كېچىپ، قوشۇنىنى باشلاپ باي، كۇچا رايونىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە شەرقتىكى تۇرپانغا چېكىندى. زەپەربى ئاقسۇ شەھىرىنى ئالغاندىن كېيىن، ئادەملىرىنى ھەدەپ بۇلاڭچىلىق قىلىشقا قويۇپ بېرىپ، بۇلىغان نەرسىلەرنى تۈگەل قەشقەرگە توشۇپ كېتىپ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە قاتتىق زىيانغا ئۇچراتتى.

1504 ـ يىلى مەنسۇر قالدۇق كۈچى بىلەن تۇرپانغا چېكىنگەندىن كېيىن، شىمالدىكى موغۇلىستان يايلىقىدا تۇرۇۋاتقان سەئىد بىلەن خېلىل قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ، قوشۇن تارتىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، تۇرپاننى پاراكەندە قىلىپ، خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالاشتى. 1508 ـ يىلى مەنسۇر ئالمۇتىدا سەئىد بىلەن خېلىلنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. شۇ جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن قىرغىزلار بىلەن موڭغۇللارنى چالىش بىلەن تۇرپانغا ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موغۇلىستان يايلىقىمۇ مەنسۇرنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

1513 ـ يىلى مەنسۇر قۇمۇلنىڭ سادىق ـ ئىتائەتمەن ۋاڭىنى ئېزىقتۇرۇپ شەھەردىن چىقىرىپ تۇرپانغا ئېقىندۇردى، ئەمىر خاجە تاجىددىننى قۇمۇلنى ساقلاشقا ئەۋەتتى. 1515 ـ يىلى مەنسۇر مىڭ سۇلالىسىدىن 1500 توپ دۇردۇن ئېلىش بەدىلىگە قۇمۇل شەھىرى بىلەن ئالتۇن مۆھۈرنى مىڭ سۇلالىسىگە قايتۇرۇپ بەردى.

غەربتىكى سەئىدىيە ھاكىمىيىتىنىڭ

www.uyghurkitap.com

قورۇلۇشى ۋە قۇدرەت تېپىشى مەنسۇرنى قاتتىق ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئۇ ئىنىسى سەئىدگە يەم بولۇپ كېتىشتىن قورقاتتى. 1515 ـ يىلى سەئىدخان شەرقىي ھاكىمىيەت بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلدى. ئىككى تەرەپ ئەلچىلىرىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئاقسۇ بىلەن كۇچا ئارلىقىدىكى ئاربات تۈزلەڭلىكىدە ئۇچراشتى. سەئىدخان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش شەرتى بىلەن ئاكىسى مەنسۇرنىڭ خوجا (پاترىئارخال)لىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە دۇئا ـ تەكبىردە مەنسۇرنىڭ نامىنى ئاتاشقا، مەنسۇرنىڭ نامىدا پۇل قۇيدۇرۇشقا ماقۇل بولدى. بىراق، ئاربات تۈزلەڭلىكىدىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئاكا ـ ئۇكىلار يەنىلا ئۆز ئالدىغا يول تۇتۇشۇپ، بىر ـ بىرىگە زادىلا بېقىنىشمىدى. مەنسۇرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى شەرقتە قۇمۇلغىچە، غەربتە كۇچاغىچە، شىمالدا ئۇيراتلارنىڭ كەڭ زېمىنىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، موغۇلىستان ياپىلىقمۇ ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ئىدى.

1517 ـ يىلى مەنسۇر مىڭ سۇلالىسى ۋەدە قىلغان دۇردۇنلارنى بەرمىدى ۋە ئولپان ئەۋەتىش قېتىم سانىغا چەك قويدى دېگەننى باھانە قىلىپ، قۇمۇل شەھىرىنى يەنە ئىشغال قىلدى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سۇجۇ قاتارلىق جايلارغىچە باستۇرۇپ باردى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ چارلىغۇچى سانغونى رۇي نىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش جېڭىدە ئۆلدى. 1524 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مەنسۇر ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ خېشى رايونىغا بېسىپ كىرىپ، سۇجۇ شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. كېيىنكى يىلى يەنە بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن گەنسۇغا پاراكەندىچىلىك سېلىپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايونىنى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

1533 ـ يىلى سەئىدخان قازا قىلدى، مەنسۇر شۇ پۇرسەتتە خانلىقنىڭ غەربىي ھاكىمىيىتىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش نىيىتىدە قوشۇن تۇپلاپ غەربكە يۈرۈش قىلدى، بىراق مەغلۇبىيەت بىلەن قايتتى. 1543 ـ يىلى مەنسۇر كېسەل بىلەن قازا قىلدى.

## ئابدۇرەشىد

ئابدۇرەشىد (1509 ياكى 1510 ~ 1559 ياكى 1560)، موغۇل (موغۇل) خانى، سەئىدخاننىڭ ئوغلى.

ئابدۇرەشىد بالىلىق چاغلىرىدا كۆپ مۇشكۇلاتلارغا يولۇقتى. ئۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، ئاتىسى سەئىدنىڭ نامراتلىق ۋە موھتاجلىق دەستىدىن باشقىلارنىڭ ئايىغىغا باش قويغان مەزگىلى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇمۇ ئاتىسى بىلەن يۇرت ـ يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈردى. بىر مەزگىل ئۆزبېكلەرگە ئەسىرمۇ بولدى، 13 يېشىدا موغۇلىستانغا قايتىپ كەلدى. 1514 ـ يىلى سەئىد قوشۇن تۇپلاپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەرنى ئېلىپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن قەشقەردە مۇقىم تۇرۇپ قالدى. ئابدۇرەشىد چوڭ بولۇپ ئاتىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. 1522 ـ يىلى ئاتىسى بىلەن بىللە موغۇلىستاندىكى قىرغىزلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، پەرمانغا بىنائەن ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىدىكى قوچقار رايونىدا تۇرۇپ بۇ يەرنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇردى. 1524 ـ، 1525 ـ يىللىرى ئاتىسى سەئىدخان غەربكە يۈرۈش قىلىپ، بىر مەھەل ئۆزكەند، مادۇ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ تۇردى، كېيىن ئەندىجاننى مۇھاسىرىگە ئالغاندا قارشىلىققا ئۇچراپ مەغلۇپ بولۇپ موغۇلىستانغا قايتىپ كەلدى. 1525 ـ يىلى غەربتە باش كۆتۈرگەن مانجىت قەبىلىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن قوۋملىرىنى باشلاپ موغۇلىستاندىن ئايرىلىپ ئاتباشىدا تۇردى، ئاخىرىدا يەنە قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موغۇلىستان ياپىلىقى رايونى قازاقلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى.

ئابدۇرەشىد 1528-يىلى ئاتىسى سەئىدخاننىڭ پەرمانى بىلەن قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى بەلۇرغا جازا يۈرۈشى قىلدى. 1533-يىلى سەئىدخان يىراققا يۈرۈش قىلىش سەپىرىدە كېسەل بىلەن قازا قىلدى. بۇ خەۋەرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئابدۇرەشىد ئۆزى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ئاقسۇ شەھىرىدىن دەرھال يەكەنگە قايتىپ، ئاتىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بېجىردى، قول ئاستىدىكىلەر ئۇنى خان قىلىپ تۇرغۇزدى. ئۇ تەختكە چىقىپلا، ئاتىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش يولىنى ئۆزگەرتتى. ئەتىۋارلىق پېشقەدەم ۋەزىر-ۋۇزرالارنى قەتلى قىلىپ، ئوردىدا شەرەپكە ئېرىشىپ كەلگەن دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، يېڭى خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ ئىشقا قويدى، تۇرپاندا تۇرۇۋاتقان تاغىسى مەنسۇرنىڭ غەربكە قىلغان ئىككى قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشىنى چېكىندۈردى، شاھزادىنىڭ قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقاۋۇلى مىرزائەلى تاقاينىڭ قىستىشى بىلەن قوزغىغان غەليانىنى تىنچىتتى.

ئابدۇرەشىدخان ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قوشنا ئەللەر بىلەن مەجبۇرىي قۇدىلىشىشنى يولغا قويۇپ، ئاچا-سىڭىللىرىنى ئۆتمۈشتىكى دۈشمىنى بولغان ئۆزبېك-شەيبان قەبىلىسىنىڭ ئاتامانلىرىغا ياتلىق قىلدى. ئۇ مۇشۇ ئىشى بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ دوستى ئۆزبېك-قازاقلارنى رەنجىتىپ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا سەۋەبچى بولدى. ھالبۇكى، ئۇ بۇ ھۇجۇملارنى بىر-بىرلەپ مەغلۇپ قىلدى. 1537-، 1538-يىللىرى ئۇ ئۆزبېك-شەيبان قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۆزبېك-قازاقلارنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلدى ھەمدە چوڭ ئوغلى ئابدۇلتىپنى موغۇلىستاننىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئارقىدىن ئۇ يەنە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش نىيىتىدە ئەندىجان، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا جازا يۈرۈشلىرى قىلدى.

ئابدۇرەشىدخان يېتىشكەن ناتىق، پىشقان سەنئەتكار، ماھىر سازەندە ئىدى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە ئۆز ئىلىنكىدىكى زېمىنىنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرى خېلى راۋاج تاپتى. ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ئۈزلۈكسىز رەتلىنىپ ۋە پىششىقلىنىپ، مۇكەممەللىشىشكە يۈزلەندى.

## مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر

مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر (؟ — 1551) («تارىخى رەشىدي»دە 1499-يىلى تۇغۇلغان دېيىلگەن، تەرجىماندىن)، موڭغۇل، دوغلات موڭغۇللىرىنىڭ سەردارى، مەشھۇر تارىخشۇناس.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ بوۋىسى بۇرۇچ چاغاتاي خانىنىڭ ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈرنى ھىمايە قىلىپ خان قىلىپ تۇرغۇزۇپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى قۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جەمەتىدىكى بىر نەچچە ئەۋلاد ئوردىدا غوللۇق ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدار بولغان. مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ ئانىسى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئەۋلادى يۇنۇس خاننىڭ قىزى؛ ئاتىسى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق باسقاۋۇلى بولغان، كېيىن ماۋەرائۇننەھردىكى ئۆزبېكلەرنىڭ ئاتامانى شاھىبېكخان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن، كېيىن ھىراتتا خوجايىنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر تاشكەنتتە تۇغۇلۇپ، مالىمان، تىنچسىز ئىجتىمائىي مۇھىتتا ياشىدى ۋە ئاتىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مۇساپىر بولۇپ يۈردى. ئاتىسى قازا قىلغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى ھەزرىتى مۇھەممەت دامولىلىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشىدا يېتىلدى ۋە كۆپ قېتىم بالا-قازادىن ئامان قالدى. كېيىن بەدەخشانغا كېلىپ بابۇرنىڭ ياردىمىدە خان جەمەتى ئەزالىرىدىن بولۇپ قالدى. تەخمىنەن 1514-يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۇ بابۇردىن ئايرىلىپ،

ئەندىجاندا ھاكىمىيەت سوراۋاتقان نەۋرە ئاكىسى سەئىدخاننىڭ ھوزۇرىغا باردى. كېيىنكى يىلى ماۋەرائۇننەھردىكى ئۆزبېكلەرنىڭ مەجبۇر قىلىشى بىلەن سەئىدخانغا ئەگىشىپ ئەندىجاندىن ئايرىلىپ، قوشۇن باشلاپ موغۇلىستان يايلىقىدىن ئۆتۈپ جەنۇبتىكى قەشقەر، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى 30 نەچچە يىل بېسىپ ياتقان دوغلات ئەمىرى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سەئىدخان ئوردىسىدا 19 يىل تۇردى، شۇ مەزگىلدە ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىگە نائىل بولۇپ، كۆپ خىل ئەمەل بىلەن ۋەزىپە ئۆتەپ، موغۇل خان جەمەتىنىڭ ئالاھىدە ئەتىۋارلىشى ۋە ئىشەنچىگە ئېرىشتى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن يىللاردا سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدنىڭ غازات نامى بىلەن خانلىقنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنلارغا كۆپ قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلىشىغا ھەمكارلاشتى؛ بۇ ھەربىي يۈرۈشلەردە ئۇ 1527-يىلى بەلۇرنى ئىشغال قىلدى، 1529-، 1530-يىللىرى قوشۇن تارتىپ بەدەخشانغا تېگىش قىلدى، 1531-يىلى لاداقنى ئالدى، كېيىن نىشانىنى يۆتكەپ كەشمىر، تىبەت رايونىدىكى رىخاسا قاتارلىق جايلارغا تېگىش قىلدى. قوشۇن ئاياق باسقانلىكى جايلاردا ئېغىر بۇلاڭ-تالاڭ بولدى. كېيىنكى يىلى سەئىدخان ھەربىي يۈرۈش ئۈستىدە قازا قىلدى، ئوغلى ئابدۇرەشىد يەكەندە خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىقىپلا دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەزالىرىنى ھەدەپ قىرغىن قىلدى، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ تاغىسى مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزىمۇ شۇ قىرغىنچىلىقتا ئۆلتۈرۈلدى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ قالدۇق قىسمىنى باشلاپ قاراقورۇم تېغىدىن ئۆتۈپ باشتا بەدەخشانغا، كېيىن كابۇلغا باردى، ئاخىرىدا لاھورغا بېرىپ بابۇرنىڭ ئوغلى كامران مىرزىنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كامران مىرزىنىڭ ئاكىسى ھۇمايۇنگە يېقىنلىشىپ، نائىب ۋەزىر بولۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەملەشتى. ئۇزاق ئۆتمەي ھۇمايۇننىڭ قوشۇنى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر بىر كىچىك قوشۇننى باشلاپ، لاھوردا پىنھان تۇرۇۋاتقان شەيىدا بەگلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەشمىرگە يۈرۈش قىلىپ ھۇمايۇننىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتمەكچى بولدى. ئۇ 1540-يىلى پەنچى ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ھېچقانچە ئۇرۇشمايلا كەشمىرنى ئىشغال قىلىپ، ئۇ يەرنىڭ خوجىسى بولدى ۋە بۇ رايونغا 11 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر تونۇلغان ئىستىبدات ئىگىسى ئىدى، ئۇ كەشمىردە ھاكىمىيەت سورىغان مەزگىلدە تۈرلۈك تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆپلەپ توپلاپ، مەشھۇر تارىخىي ئەسەر «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى» («تارىخى رەشىدىي») نى يېزىپ پۈتتۈردى. «تارىخى رەشىدىي» ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان، بىرىنچى قىسمى رەسمىي تارىخ قىسمى بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىنىڭ تۇغلۇق تۆمۈر دەۋرىدىن ئابدۇرەشىدخان زامانىغا قەدەر تارىخى خاتىرىلەنگەن، ئاساسەن ئاغزاكى رىۋايەتلەر ۋە ئەينى زامان كىشىلىرىنىڭ بايانلىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن، ئىككىنچى قىسمى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئومۇمىي بايانى بولۇپ، يۈسۈپخان زامانىدىن ئابدۇرەشىدخان سەلتەنىتى ئاخىرلاشقانغا قەدەر بولغان مەزگىلدىكى تارىخ بايان قىلىنغان.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر 1551-يىلى قوشۇن تارتىپ بىربال رايونىنى بويسۇندۇرۇش يولىدىكى ھەربىي يۈرۈشتە رەقىبلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئوقيا ئوقىدا قازا قىلدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەرجىمە قىلغۇچى: سابىر ئەلى

# 新疆地方志

（季刊）

目录

2008年第三期

总第八十四期



**顾问**

伊敏·图尔逊

努尔穆罕默德·多莱提

沙比尔·艾力

**主编**

迪木拉提·木沙

**副主编**

阿不都肉甫·艾力

艾合买提·肉孜·托格如力

**编委**

（姓氏以维吾尔文字母为序）

阿不都肉甫·艾力

阿不都守库尔·图尔地

阿不都克优木·霍加

阿不来提·努尔东

阿不来提·伊敏

热米拉

沙比尔·艾力

吾甫尔·吾守尔·尼亚孜

霍加阿合买提·优努斯

哈德尔·阿皮孜

哈斯木·霍加

库尔班·马木提

**责任编辑**

甫拉提·伊米提


## 目录


回忆录

怀念乌依古尔·沙依然 ………… 玛依努尔·哈斯木 1

历史资料

库车文工团在惠远 ……………… 托合提·伊布拉音 9

历史上伊犁河上的交通 …………海皮孜·萨塔尔 14

新疆百业

木筏与流筏者 ………………… 斯拉伊尔·吐尔地 21

文物古迹

泰剑利陵墓的修建与保护 ………… 地力夏提·阿布力孜 30

突厥语词典的印刷过程 ………… 帕塔尔·吐尔逊 34

小常识

鲁克沁维吾尔的传统婚姻习俗及婚礼音乐歌曲特点 …………………………… 艾克热木·艾山 38

历史人物

盛世才时期的伊犁道台吐尔达洪巴伊 …………………………………………买斯吾提·哈力提 42

社会主义新方志

摘自《新疆通志·人物志》………………… 51


封面：鄯善县库木塔格公园迁徙者沙雕

甫拉提·伊米提提供

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


# 新疆地方志 维吾尔文(季刊)

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى (پەسىللىك ژۇرنال)

主　　办:新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى

编辑出版:《新疆地方志》编辑部

地　　址:乌鲁木齐市南湖路西一巷 12 号

印　　刷:新疆金版印务有限公司

تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 12 - نومۇر

باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

国内统一刊号 CN65—1128/K—W

电话:4640715　4637126　邮政编码:830063

定价:3.00 元

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1128 / K—W

تېلېفون نومۇرى: 4640715　4637126　پوچتا نومۇرى: 830063

باھاسى: 3.00 يۈەن